"ئەتىكى قۇياش" — ياشلار، ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ "11-بەش يىللىق پىلان" مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# تولستوي

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى



مىللەتلەر نەشرىياتى

翻　　　译　艾比布拉·买买提
责任编辑　木开日木·买买提
责任校对　木开日木·买买提
民文封面设计　吾要



ISBN 978-7-105-10176-4

定价：6.00元

“ئەتىگەنكى قۇياش” ـــ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى
دۆلەتنىڭ “11 ـ بەش يىللىق پىلان” مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# تولستوي

## ئەدەبىيات پېشۋالىرىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقى

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە

ئۈچ ئېيىق ........................ 1
چاشقان قىزچاق ........................ 6
بۆرە بىلەن موماي ........................ 9
ئۈزۈملۈك باغ خوجايىنى ۋە ئۈنىڭ ئوغۇللىرى ........................ 12
ئىت ئېيىقنىڭ هارۋىغا ئولتۇرۇشى ........................ 13
ئىمپېراتور پېتىر ۋە دېهقان ........................ 15
ئىككى ئات ........................ 18
شىر بىلەن كۈچۈك ........................ 20
مىراسنى تەڭ بۆلۈشۈش ........................ 24
ئۈچ ئوغرى ........................ 26
ئاققۇتان، بېلىق ۋە راك ........................ 29
كىرپە بىلەن ياۋا توشقان ........................ 31
ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ........................ 34
سۇ يىلىنى ........................ 37
پادىشاھ بىلەن قارچىغا ........................ 41
ئەما ۋە كالا سۈتى ........................ 43
بۆرە بىلەن كامالەك ........................ 44
دېهقاننىڭ غاز تەقسىم قىلىشى ........................ 45
ئادىل سوتچى ........................ 48
پادىشاھ ۋە كۆڭلەك ........................ 53
ئىككى دوست ........................ 55
سەكرەش ........................ 56
شىر، بۆرە ۋە تۈلكە ........................ 60
دېهقان بىلەن سۇ مەخلۇقى ........................ 62
چوڭلاردىن ئەقىللىق سەبىي قىزچاقلار ........................ 64
توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى بۇغداي دېنى ........................ 67
شىر بىلەن چاشقان ........................ 71
پاشا بىلەن شىر ........................ 72
شىر بىلەن تۈلكە ........................ 73

# ئۈچ ئېيىق

بىر سەبىي قىزچاق ئۆزى يالغۇز ئۆيدىن چىقىپ، ئورمانلىققا ئوينىغىلى بېرىپتۇ ۋە ئورمانلىقتا ئېزىپ قېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىدىغان يولنى تاپالماپتۇ. يول ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ.

قارىغۇدەك بولسا، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغۇدەك، ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەم يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن قىزچاق ئۆيگە كىرىپتۇ. ئەسلىدە بۇ يەردە ئۈچ ئېيىق تۇرىدىكەن. دادا ئېيىقنىڭ ئىسمى مىخايىل ئىۋانىچ بولۇپ، بوي-بەستى يوغان، تۈكلۈك ئىكەن؛ يەنە بىرى ئانا ئېيىق بولۇپ، بوي-بەستى كىچىكرەك ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمى ناستاسىيە پېتروۋنا ئىكەن؛ ئۈچىنچىسى ئۇلارنىڭ بالىسى بولۇپ، مىشۇتكا ئىسىملىك ئېيىقچاق ئىكەن. مۇشۇ پەيتتە ئۇلار ئورمانلىققا سەيلە قىلغىلى كەتكەنىكەن.

بۇ ئۆينىڭ ئىككى خانىسى بولۇپ، بىرى ئاشخانا ئۆي، يەنە بىرى ياتاق ئۆي ئىكەن. قىزچاق باشتا ئاشخانىغا كىرىپ، تاماق شىرەسى ئۈستىدە ئۈچ قاچا ئۇماچ قويۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قاچىلارنىڭ بىرىنچىسى تولىمۇ يوغان بولۇپ، ئۇ مىخايىل ئىۋانىچنىڭ ئىكەن. يەنە بىرى ئۇنىڭدىن سەل كىچىكرەك بولۇپ، ئۇ ناستاسىيە پېتروۋنانىڭ ئىكەن. ئۈچىنچىسى كۆك رەڭلىك كىچىك قاچا بولۇپ، ئۇ مىشۇتكىنىڭ ئىكەن. بۇ قاچىلارنىڭ يېنىغا چوڭ، ئوتتۇراھال، كىچىك قوشۇقلار ئايرىم-ئايرىم قويۇپ قويۇلغانىكەن.

قىزچاق چوڭ قوشۇقنى ئېلىپ، چوڭ قاچىدىكى ئۇماچتىن بىر قوشۇق ئېلىپ تېتىپ بېقىپتۇ، ئاندىن كېيىن ئوتتۇراھال قوشۇق بىلەن كىچىكرەك قاچىدىكى ئۇماچتىنمۇ تېتىپ كۆرۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئەڭ كىچىك قوشۇق بىلەن كۆك قاچىدىكى ئۇماچنى ئىچىشكە باشلاپتۇ، قىزچاققا مىشۇتكىنىڭ ئۇمىچى بەكلا تېتىپ كېتىپتۇ.

بىر چاغدا قىزچاق ئولتۇرماقچى بولۇپ، تاماق شىرەسىنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئۈچ ئورۇندۇققا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەڭ چوڭ ئورۇندۇق مىخايىل ئىۋانىچنىڭ ئىكەن، ئىككىنچىسى سەل كىچىكرەك بولۇپ، ئۇ ناستاسىيە پېترووۋنانىڭ ئىكەن؛ ئۈچىنچىسى ھەممىدىن كىچىك بولۇپ، كۆك رەڭلىك سىيلىنچا سېلىنغان بۇ ئورۇندۇق مىشۇتكىنىڭ ئىكەن. قىزچاق ئەڭ چوڭ ئورۇندۇققا يامىشىپ چىقىپتۇيۇ، ئولتۇرالماي يىقىلىپ چۈشۈپتۇ؛ ئۇ يەنە ئوتتۇراھال ئورۇندۇققا يامىشىپ چىقىپ ئولتۇرۇپتىكەن، بەكلا ئارامسىزلىنىپتۇ؛ ئاخىر ئەڭ كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتىكەن، خۇشلۇقتىن كۈلۈپ كېتىپتۇ، چۈنكى بەك راھەت ھېس قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆك رەڭلىك چىنىنى ئېلىپ تىزىغا قويۇپتۇ-دە، ئۇماچنى ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بىر قاچا ئۇماچنى پاك-پاكىز ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇندۇقتا ئۇياق-بۇياققا چايقىلىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ.

چايقىلىۋەرگەچكە كىچىك ئورۇندۇق بۇزۇلۇپ كېتىپ، قىزچاق



پولغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كىچىك ئورۇندۇقنى ئۆز ئورنىغا يۆلەپ قويۇپ، ياتاق ئۆيگە كىرىپتۇ. ياتاق ئۆيگە ئۈچ كارىۋات قويۇلغانىكەن؛ ئەڭ چوڭ كارىۋات دادا ئېيىقنىڭ ئىكەن؛ ئوتتۇراھال كارىۋات ئانا ئېيىقنىڭ ئىكەن؛ ئەڭ كىچىك كارىۋات بولسا ئۇلارنىڭ بالىسى مىشۇتكىنىڭ ئىكەن.

قىزچاق بىرىپ چوڭ كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپ كۆرۈپتۇ، بىراق بۇ كارىۋات ئۇنىڭغا بەك كەڭ بىلىنىپتۇ؛ ئۇ ئوتتۇراھال كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپتىكەن، بۇ كارىۋات ئۇنىڭغا بەك ئېگىز بىلىنىپتۇ؛ ئاخىر كىچىك كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپتىكەن، بۇ كارىۋات ئۇنىڭغا بەك راھەت بىلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كارىۋاتتا ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىر چاغدا ئۈچ ئېيىق قايتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقى راسا ئېچىپ كەتكەچكە تاماق يېمەكچى بولۇپتۇ، دادا ئېيىق چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ بىر قاراپلا قورقۇنچلۇق ئاۋازدا:

— مېنىڭ قاچامدىكى ئۇماچنى كىم ئىچىپ قويدى!— دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ناستاسىيە پېتروۋنامۇ قاچىسىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن پەسرەك ئاۋازدا:

— مېنىڭ قاچامدىكى ئۇماچنى كىم ئىچىپ قويدى!— دەپ غۇدۇرىغىلى تۇرۇپتۇ.

مىشۇتكا ئۆزىنىڭ كىچىك قاچىسىنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ

— مېنىڭ قاچامدىكى ئۇماچنى كىم ئىچتى! ۋايجان، ھەممىسىنى



ئىچىۋاپتىغۇ!— دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ.

مىخائىل ئىۋانىچ ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا كىم ئولتۇرۇپ قويدى، جايىدىن يۆتكىلىپ كېتىپتىغۇ! — دەپ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا يەنە ۋارقىرىغىنىچە تۇرۇپتۇ.

ناستاسىيە پېتروۋنامۇ ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا كىم ئولتۇرۇپ قويدى، ئۇنى جايىدىن يۆتكىۋېتىپتۇ! — دەپ غۇدۇرىغىلى باشلاپتۇ.

مىشۇتكىمۇ ئۆزىنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئورۇندۇقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا كىم ئولتۇردى! ۋايجان، ئۇنى چۇۋۇۋېتىپتىغۇ! — دەپ ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىراپ كېتىپتۇ.

ئۈچ ئېيىق ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپتۇ، مىخائىل ئىۋانىچ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا يەنە ھۆركىرىگىنىچە تۇرۇپتۇ:

— مېنىڭ كارىۋىتىمدا كىم يېتىپ قويدى، يوتقان-كۆرپىلەرنى قالايمىقان قىلىۋېتىپتىغۇ!

ناستاسىيە پېتروۋنامۇ ھەدەپ غۇدۇڭشىغىنىچە تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى سەل پەسرەك چىقىپتۇ.

— كىم مېنىڭ كارىۋىتىمدا ياتتى، يوتقان-كۆرپىلەرنى قالايمىقان قىلىۋېتىپتىغۇ!

مىشۇتكا بىر كىچىك ئورۇندۇقنى ئەكېلىپ، كارىۋىتىغا ئۆمىلەپ چىقىپتۇ ۋە ئىنچىكە ئاۋازدا چىرقىرىغىنىچە تۇرۇپتۇ:

— مېنىڭ كارىۋىتىمدا كىم ياتتى، يوتقان-كۆرپىلەرنى قالايمىقان



قىلىۋېتىپتىغۇ!

ئۇ تۇساتتىنلا قىزچاقنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، خۇددى بىر كىم ئۇنى بوغۇزلاۋاتقاندەك بار ئاۋازى بىلەن چىرقىرىغىلى تۇرۇپتۇ:

—ئۇ، بۇ يەردىكەن! ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار، ئۇنى تۇتۇۋېلىڭلار! ئۇ، بۇ يەردىكەن! ئۇ، بۇ يەردىكەن! ۋايجان، ئۇنى قاچۇرۇپ قويمايلى!

مىشۇتكا قىزچاقنى چىشلىمەكچى بولۇپ تەمشىلىپتۇ، قىزچاق كۆزىنى ئېچىپ، ئۇچ ئېيىقنى كۆرۈپتۇ-دە، دەرھال دېرىزە تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ، دېرىزە ئوچۇق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىپتۇ.

# چاشقان قىزچاق

بىر ئادەم دەريا بويىدا كېتىپ بېرىپ، بىر قاغىنىڭ بىر چاشقاننى چىشلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قولىغا بىر تال تاشنى ئېلىپ قاغىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. قاغا ئېغىزىنى بوشىتىشىغا، چاشقان دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم چاشقاننى دەريادىن سۈزۈۋېلىپ ، ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ ئادەمنىڭ بالىسى يوق ئىكەن، ئۇ بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ:

— ھەي، ئەگەر بۇ چاشقان بىر كىچىك قىز بالىغا ئايلىنىپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولغان بولاتتى-ھە!— دەپتىكەن، بۇ چاشقان دەرھال بىر كىچىك قىز بالىغا ئايلىنىپتۇ.

بۇ قىزچاق چوڭ بولۇپتۇ، ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭدىن:

— سىز كىمگە ياتلىق بولۇشنى خالايسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

قىزچاق:

— مەن دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمگە ياتلىق بولۇشنى خالايمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم بېرىپ قۇياشقا مۇراجىئەت قىلىپ:

— ئېھ، قۇياش! مېنىڭ قىزىم دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمگە ياتلىق بولۇشنى خالايدىكەن، سەن ئەڭ قۇدرەتلىك، شۇڭا سەن قىزىمنى ئەمرىڭگە ئالغىن!— دەپتۇ.

قۇياش:

— مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئەمەس، بۇلۇت مېنى توسۇيالايدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم بېرىپ بۇلۇتقا:

— ئېھ، بۇلۇت ! سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن، شۇڭا قىزىم بىلەن توي قىلغىن!— دەپتۇ.

بۇلۇت:

—مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئەمەس، شامال مېنى ئۇچۇرۇپ ئەكىتەلەيدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم شامالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئېھ، شامال! سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن، شۇڭا قىزىم بىلەن توي قىلغىن! — دەپ مۇراجىئەت قىلىپتۇ.

شامال:

— مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئەمەس، تاغلار مېنى توسۇۋالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ئادەم تاغنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— ئېھ، تاغ! سەن مېنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلغىن! چۈنكى سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن! — دەپتۇ.

تاغ:

— چاشقان مەندىن قۇدرەتلىك! ئۇ، بىز تاغلارنى غاجىلاپ تېشىۋېتەلەيدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم چاشقاننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئېھ، چاشقان! سەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەنسەن، شۇڭا مېنىڭ قىزىم بىلەن توي قىلغىن! — دەپتۇ.

چاشقان ئۇنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ.

بۇ ئادەم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قىزچاقىغا:

— چاشقان ئەڭ قۇدرەتلىك ئىكەن، ئۇ تاغنى غاجىلاپ تېشىۋېتەلەيدىكەن، تاغ شامالنى توسۇۋالايدىكەن، شامال بۇلۇتنى



ئۈچۈرتۈپ كېتەلەيدىكەن، بۇلۇت قۇياشنى توسۇۋالالايدىكەن، چاشقان سەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولدى،ــ دەپتۇ.

بىراق، قىزچاق:

ــ ھەي، مەن ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ چاشقان بىلەن قانداقمۇ توي قىلالايتتىم!ــ دەپ ئۇھ تارتىپتۇ.



بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:

ــ شۇ ئەمەسمۇ، ناۋادا مېنىڭ قىزىم قايتىدىن چاشقانغا ئايلىنىپ قالغان بولسا، بۇ ئىش مۇمكىن بۇلار ئىدى!ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قىزچاق قايتىدىن چاشقانغا ئايلىنىپ ھېلىقى چاشقان بىلەن توي قىلىپتۇ.

# بۆرە بىلەن موماي

بىر بۆرە بەك ئېچىرقاپ كېتىپ، ھەممە يەرنى تىمىسقىلاپ ئوزۇق ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر كەنتنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ ۋە بىر ئۆيدىن بىر كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ، تىڭشىغۇدەك بولسا بىر موماي ئۇنىڭغا مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

— يەنە يىغلايدىغان بولساڭ، سېنى بۆرىگە تاشلاپ بېرىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بۆرە قەدەملىرىنى توختىتىپ، بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ يىغلاۋاتقان بالىنى ئۆزىگە تاشلاپ بېرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت يېرىم كېچە بولۇپتۇ، بۆرە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئۇ ئاخىر يەنە مومايىنىڭ بالىسىغا:

— ئاپئاق قوزام، بولدى يىغلىما، مەن سېنى ھەرگىز بۆرىگە تاشلاپ بەرمەيمەن، ئەگەر بۆرە كېلىدىغان بولسا، بىز ئۇنى راسا دۇمبالاپ جاجىسىنى بېرىمىز، — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان بۆرە: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ دېگىنى بىر خىل، قىلىدىغىنى باشقا بىر خىل ئىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ كەنتتىن غىپپىدە باشقا ياققا كېتىپ قاپتۇ.



# ئىككى سودىگەر

بىر نامرات سودىگەر يىراق سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق تۆمۈر ئەسۋاب ماللىرىنى باي سودىگەرنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە ئامانەت قويۇپتۇ. ئۇ سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باي سودىگەرنىڭ قېشىغا ماللىرىنى ئالغىلى بېرىپتۇ.

باي سودىگەر نامرات سودىگەرنىڭ ماللىرىنى ئاللىقاچان سېتىۋەتكەنىكەن، ئەمما ئۇ:

— سېنىڭ تۆمۈر ئەسۋابلىرىڭنى نەس باستى، — دەپتۇ.

— نېمە بولدى؟

— سېنىڭ تۆمۈر ئەسۋابلىرىڭنى ئاشلىق ئامبىرىغا ئەكىرىپ قويىۋېدىم، بۇ يەردىكى چاشقانلار غاجىلاپ يەپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ غاجىلاپ يېيىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆرۈپ باققىن.

نامرات سودىگەر ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلماي:

— كۆرۈپ نېمە قىلاي، ئاشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم، چۈنكى مەن چاشقانلارنىڭ تۆمۈر غاجىلايدىغانلىقىنى بىلمەمەن ئەمەسمۇ، خوش ئەمىسە! — دەپتۇ.

نامرات سودىگەر كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئويناۋاتقان بىر كىچىك بالىنى ئۇچرىتىپتۇ، بۇ، باي سودىگەرنىڭ ئوغلى ئىكەن. نامرات سودىگەر بۇ كىچىك بالىنى ئاندا-مۇندا ئەركىلىتىپ قويۇپ، كۆتۈرگەن پېتى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى باي سودىگەر نامرات سودىگەرنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا ئوغلىنى يىتتۈرۈپ قويۇپ تارتقان دەرد-ئەلەملىرى ھەققىدە ھال ئېيتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن:

— سەن ئوغلۇمنى كۆردۈڭمۇ؟ ياكى ئۇ ھەقتە بىرەر گەپ-سۆز ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

نامرات سودىگەر:

— ئەلۋەتتە كۆردۈم، تۈنۈگۈن مەن سېنىڭ ئۆيۈڭدىن قايتىپ چىققان چېغىمدا، بىر قۇرغۇينىڭ ئېتىلىپ كېلىپ ئوغلۇڭنى قاماللىغىنىچە ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆردۈم، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي سودىگەرنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ:
— باشقىلارنىڭ بېشىغا بالا كەلسە خۇشال بولۇشتىن ئۇيالمايدىكەنسەن، نەدىمۇ قۇرغۇي بىر بالىنى قاماللاپ ئۇچۇپ كېتىدىغان ئىش بولسۇن؟ — دەپتۇ.
— ياق، مەن سېنى مازاق قىلىۋاتقىنىم يوق، چاشقانلار يۈز پۇت[①] كېلىدىغان تۆمۈر ئەسۋابلارنى غاجىلاپ يەپ كەتكەن يەردە،



قۇرغۇينىڭ بىر بالىنى قامالىغىنىچە ئۇچۇپ كەتكىنىنىڭ نېمە غەلىتە يېرى بولسۇن؟ دۇنيادا نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ دەيسەن! — دەپتۇ نامرات سودىگەر.
باي سودىگەر شۇئان گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ:
— چاشقانلار سېنىڭ تۆمۈر ئەسۋابلىرىڭنى غاجىلاپ يەپ كەتمىدى، ئۇ ماللارنى مەن سېتىۋەتكەنىدىم، مەن ئۇنى ساڭا ھەسسىلەپ تۆلەپ بېرەي، — دەپتۇ.
— ئىش مۇنداق ئىكەن، ئۇنداقتا قۇرغۇينىڭمۇ سېنىڭ ئوغلۇڭنى قاماللاپ ئۇچۇپ كەتكىنى يوق. ئۇنى مەن ساڭا ئەكېلىپ بېرەي! — دەپتۇ نامرات سودىگەر جاۋابەن.

---

① پۇت — رۇسلارنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى، بىر پۇت 16.38كىلوگرام.

# ئۈزۈملۈك باغ خوجايىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى



ئۈزۈملۈك باغ خوجايىنى باغۋەنچىلىك ھۈنىرىنى ئوغۇللىرىغا ئۆگىتىپ قويۇشنى ئويلايدىكەن. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغۇللىرىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— بالىلىرىم، قۇلاق سېلىڭلار، مەن ئۆلگەندىن كېيىن باغقا كىرىپ، ئۇ يەرگە قانداق نەرسىنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى ئىزدەپ بېقىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بالىلار باغقا خەزىنە كۆمۈلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. ئاتىسى جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۈزۈملۈك باغنى بىر باشتىن كولاپ، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپتۇيۇ خەزىنىنى تاپالماپتۇ، ئەمما ئۈزۈملۈك باغنىڭ توپىسى ئاغدۇرۇلۇپ بەكلا يۇمشاپ كەتكەچكە، ئۈزۈملەر بەك ئوخشاپ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ھوسۇل بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلار باي بولۇپ كېتىپتۇ.

# ئىت ئېيىقنىڭ ھارۋىغا ئولتۇرۇشى

بىر ئېيىق ئويناتقۇچى بىر چوڭ ئىت ئېيىقنى يېتىلەپ قاۋاقخانىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ ئىت ئېيىقنى ئىشىك ئالدىغا باغلاپ قويۇپ، ھاراق ئىچكىلى قاۋاقخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا، بىر ھارۋىكەشمۇ ئۈچ ئاتلىق ھارۋىسىنى ھەيدەپ قاۋاقخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇمۇ ئۈچ ئاتنى تۇشەپ قويۇپ، قاۋاقخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھارۋىكەشنىڭ ھارۋىسىغا ئاق بولكا قاچىلانغانىكەن. ئاق بولكىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى ھىدلىۋالغان



ئىت ئېيىق يۇلقۇنغىنىچە ئارقاننى ئۈزۈۋېتىپ، ھارۋىغا چىقىپتۇ-دە، قورۇق چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن بولكا تېپىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئۈركىگەن ئاتلار ھارۋىنى تارتقىنىچە ئالدى تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىپتۇ. ئىت ئېيىق نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىنى پەنجىلىرى بىلەن مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ. ئاتلار بارغانسېرى تېز چېپىشقا باشلاپتۇ. ئىلاجسىز قالغان ئىت ئېيىق پەنجىلىرى بىلەن ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىنى تېخىمۇ مەھكەم قامالىغىنىچە، ئۇياق-بۇياققا سىلكىنىپتۇ. ھارۋىدا چوقچىيىپ ئولتۇرغان ئىت ئېيىقنى كۆرۈپ قاتتىق ئۈركىگەن ئاتلار تېخىمۇ تېز چېپىشقا باشلاپتۇ. ئىگىسىز قالغان بۇ ئۈچ ئاتلىق ھارۋا بىردەم دۆڭگە چىقسا، بىردەم پەسكە چۈشۈپتۇ...... يولدا ئۇچرىغان ھارۋىلار يول بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ. ئاتلار چېپىۋېرىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. ھارۋىدىكى ئىت ئېيىق بولسا، ھارۋىنىڭ ئىككى يېنىنى مەھكەم قامالاپ، ئۇياق-بۇياققا قارىغىنىچە ئولتۇرىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئىشىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق

كېتۋەرسە جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىمۇ-قانداق، ئىت ئېيىق ھەدەپ ھۆركىرىگىلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتلار جان جەھلى بىلەن يۇلقۇنۇپ، تېخىمۇ تېز چېپىپتۇ-دە، ئاخىر بىر كەنتكە بۆسۈپ كىرىپتۇ. كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلىدە :« ئاتلارنىڭ بۇنداق تېز چېپىشىدىن قارىغاندا بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئاتلارمۇ چاپقىنىچە بىر قورۇغا ئۆسۈپ كىرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئايال بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلىدە: «بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ھارۋىنى بۇنداق ھەيدىگىنىدىن قارىغاندا، بالىلارنىڭ دادىسى چوقۇم مەست بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئايال ئۆيدىن چىقىپ قاراپ، ھارۋىدىن بالىلارنىڭ دادىسى ئەمەس، بەلكى يوغان بىر ئىت ئېيىقنىڭ يامىشىپ چۈشۈۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ. ئىت ئېيىق ھارۋىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئالمان-تالمان تالاغا قېچىپ چىقىپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.

# ئىمپېراتور پېتىر ۋە دېھقان

ئىمپېراتور پېتىر پەيتۇندا ئولتۇرۇپ ئورمانلىقتا كېتىۋاتقاندا، ئوتتۇن كەسلەۋاتقان بىر دېھقانغا ئۇچراپ قاپتۇ.

چار پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— ھەي دېھقان، پەرۋەردىگار سېنى پاناھىدا ساقلىسۇن!— دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. دېھقان:

مەن راستتىنلا پەرۋەردىگارنىڭ پاناھىدا ساقلىنىشىغا موھتاجمەن،— دەپتۇ. چار پادىشاھ:

— ئۆيۈڭدە جان سانىڭ جىقمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئىككى ئوغلۇم، بىر قىزىم بار.

— ئۇنداقتا، جان سانىڭ كۆپ ئەمەسكەن، سەن پۇللىرىڭنى قانداق خەجلەيسەن؟

— مەن پۇللىرىمنى ئۈچكە بۆلۈپ خەجلەيمەن، بىر قىسمىدا قەرز قايتۇرىمەن، بىر قىسمىنى قەرزگە بېرىمەن، قالغان قىسمىنى سۇغا تاشلىۋېتىمەن.

چار پادىشاھ ھەر قانچە ئويلاپمۇ، قەرز قايتۇرىمەن، قەرز بېرىمەن، سۇغا تاشلىۋېتىمەن، دېگەن گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. دېھقان:



— قەرز قايتۇرىمەن دېگىنىم — ئاتا-ئانامنى باقىمەن دېگىنىم، قەرزگە بېرىمەن دېگىنىم — ئوغۇللىرىمنى باقىمەن دېگىنىم، سۇغا تاشلىۋېتىمەن دېگىنىم — قىزىمنى باقىمەن دېگىنىم،— دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان چار پادىشاھ:

— ئاقساقال، سەن ھەقىقەتەن دانا ئىكەنسەن، مەن يولدىن ئېزىپ قالدىم، مېنى ئورمانلىقتىن چىقىرىپ قويغىن،— دەپتۇ. دېھقان:

— سەن ئالدىڭغا قاراپ مېڭىپ، دوقمۇشقا كەلگەندە ئوڭغا بۇرۇلغىن، ئاندىن سولغا بۇرۇلغىن، كېيىن يەنە ئوڭغا بۇرۇلغىن،— دەپتۇ. چار پادىشاھ:

— بۇ ھېكمەتنى مەن چۈشىنەلمىدىم، يولنى يەنىلا سەن كۆرسىتىپ قويغىن،— دەپتۇ.

— بېگىم، يول باشلاپ ماڭىدىغانغا مېنىڭ چولام تەگمەيدۇ، بىز دېھقانلارنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتىمىز خېلى پۇلغا يارايدۇ جۇمۇ.

— بولىدۇ، پۇلغا يارىسا، مەن ساڭا پۇل بەرسەم بولمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. يول ئۈستىدە ئىمپېراتور پېتىر دېھقاندىن سوراپتۇ:

— سەن سەپەرگە چىقىپ باققانمۇ؟

— بەزى جايلارغا بېرىپ باققان.

— چار پادىشاھنى كۆرگەنمۇ؟

— چار پادىشاھنى كۆرۈپ باقمىدىم، كۆرۈپ بېقىش كېرەك ئىدى.

— بولىدۇ، ئورمانلىقتىن چىقساقلا سەن چار پادىشاھنى كۆرەلەيسەن.

— مەن ئۇنى قانداق تونۇۋالايمەن؟

— كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى يالاڭۋاش، پەقەت چار پادىشاھنىڭ بېشىدىلا باش كىيىم بولىدۇ.

ئۇلار ئاخىر ئورمانلىقتىن چىقىپ، ئېتىز-ئېرىقلىق دالىغا يېتىپ كەپتۇ. پۇقرالار چار پادىشاھنى كۆرۈپ بېشىدىن باش كىيىملىرىنى ئېلىشىپتۇ. دېھقان ئەتراپىغا چەكچىيىپ قاراپمۇ چار پادىشاھنى چىلىقتۇرالماي:

— چار پادىشاھ قەيەردە؟— دەپ سوراپتۇ. ئىمپېراتور پېتىر ئۇنىڭغا:

— قارا، پەقەت ئىككىمىزنىڭلا بېشىدا باش كىيىمىمىز بار، بىرىمىز چوقۇم چار پادىشاھقۇ دەيمەن،— دەپتۇ جاۋابەن.

# ئىككى ئات

ئىككى ئات بىردىن ھارۋىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ. ئالدىدىكى ئات ھارۋىنى سۆرەپ ناھايىتى تېز مېڭىپتۇ، كەينىدىكى ئات بولسا بىر مېڭىپ بىر توختاپ ئاستا مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر كەينىدىكى ھارۋىدىكى ماللارنى ئالدىدىكى ھارۋىغا يۆتكەپ بېسىپتۇ، نەتىجىدە كەينىدىكى ھارۋا قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ، بۇ ئات بولسا قۇرۇق ھارۋىنى سۆرىگىنىچە ئەركىن- ئازادە مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىدىكى ئاتقا:

— سەن جاپادىن قورقمىغاچقا، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىڭ، بىراق، سەن قانچە تىرىشىپ ئىشلىگىنىڭ بىلەن ئۇلار سېنى شۇنچە ئازابلايدۇ، — دەپتۇ.



ئۇلار بىر ئۆتەڭگە يېتىپ كەلگەندە، خوجايىن:

— قارىغاندا، بۇ ماللارنى ئېلىپ مېڭىشقا بىرلا ئات كۇپايە قىلغۇدەك، ئۇ ھالدا ئىككى ئاتنى بوغۇز بېرىپ بېقىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بىر ئاتنى ئوبدان بېقىپ، يەنە بىر ئاتنى سويىۋەتكەن تۇزلۇكتەك قىلىدۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن بىر پارچە تېرىگە بولىسمۇ ئېرىشكۈدەكمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ھېلىقى ھۇرۇن ئاتنى سويۇۋېتىپتۇ.

# شىر بىلەن كۈچۈك

لوندوندا يىرتقۇچ ھايۋانلار كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ، بۇ كۆرگەزمىنى كۆرگۈچىلەردىن ھەق ئېلىنىدىكەن ياكى بولمىسا ئىت ياكى مۈشۈك ئەكېلىپ يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يېيىشىگە تاشلاپ بەرسە بولىدىكەن.

بىر ئادەم بۇ كۆرگەزمىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ، كوچىدىن بىر كۈچۈكنى تۇتىۋاپتۇ-دە، ئۇنى ئېلىپ ھايۋاناتلار باغچىسىغا بېرىپتۇ. بۇ ئادەم كۆرگەزمە زالىغا كىرگەندىن كېيىن، تەلەپ بويىچە كۈچۈكنى شىر قەپىسىنىڭ ئىچىگە تاشلاپتۇ.



قورقۇپ كەتكەن كۈچۈك قەپەسنىڭ بىر بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋاپتۇ. شىر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى پۇراشقا باشلاپتۇ.

كۈچۈك ئوڭدا يېتىۋېلىپ، پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ، توختىماستىن قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلاپتۇ.

شىر ئالدى پەنجىسى بىلەن نوقۇپ، كۈچۈكنى ئۇياق-بۇياققا دومىلىتىپتۇ.
كۈچۈك بىر دومىلاپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرنىڭ ئالدىدا ئارقا پۇتلىرى بىلەن تىك تۇرۇپتۇ.



شىر كۈچۈككە قارىغىنىچە بېشىنى ئىككى ياققا چايقاپ، ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەپتۇ.
باغچە خوجايىنى شىرنىڭ يېيىشىگە يوغان بىر پارچە گۆش تاشلاپ بېرىپتۇ. شىر بولسا ئۇنىڭدىن بىر پارچە ئۈزۈپ ئېلىپ كۈچۈككە بېرىپتۇ.
ئاخشىمى شىر ئۇخلاشقا ياتقاندا، كۈچۈكمۇ ئۇنىڭ يېنىدا سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ ھەمدە بېشىنى شىرنىڭ بىر پەنجىسى ئۈستىگە قويىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈچۈك بىلەن شىر بىر قەپەستە ياشاشقا باشلاپتۇ. شىر تاشلاپ بېرىلگەن يېمەكلىكلەرنىلا يەپ، كۈچۈككە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەپتۇ. ئۇ كۈچۈك بىلەن ئۇخلايدىكەن، يەنە بەزىدە تېخى ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىپمۇ قويىدىكەن.
بىر كۈنى، بىر بوۋاي كۆرگەزمە كۆرگىلى كېلىپ، كۆزى بۇ كۈچۈككە چۈشۈپتۇ. ئۇ، بۇ كۈچۈكنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، باغچە خوجايىنىدىن ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپتۇ.



بىراق، ئادەملەر كۈچۈكنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۇنى قەپەس ئىچىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقان پەيتتە، شىر يايلىسىنى ھۈرپەيتىپ ھۆركىرەپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شىر كۈچۈك بىلەن بۇ قەپەستە تۇپتوغرا بىر يىل ياشاپتۇ.

كېيىن كۈچۈك ئاغرىپ قاپتۇ. بۇ مەزگىلدە شىر ئۇنىڭ يېنىدا يېتىۋېلىپ، بىر نېمە يېگىلى ئۇنىماپتۇ، ئۇ كۈچۈكنى توختىماي پۇراپ، يالايدىكەن ۋە پەنجىسى بىلەن سىلايدىكەن.



كۈچۈك ئاخىر ئۆلۈپ قاپتۇ. شىر كۈچۈكنىڭ ئۆلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن بىردىنلا سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يايلىسىنى تىككىدە ھۈرپەيتىپ، قۇيرۇقىنى ئۇياق-بۇياققا پۇلاڭلىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ بەدىنىنى ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ئاندىن ئۆزىنى ھەدەپ قەپەسكە ئۇرۇپتۇ ۋە يەنە قەپەسنىڭ تاقىقى ۋە پولنى غەزەپ بىلەن چىشلەشكە ۋە غاجاشقا باشلاپتۇ.

شىر كۈن بويى ئۆزىنى شۇنداق ئازابلاپتۇ. بار ئاۋازى بىلەن توختىماي ھۆركىرەپتۇ. ئاخىر كۈچۈكنىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىغا كېلىپ يېتىپ جىم بولۇپ قاپتۇ. باغچە خوجايىنى كۈچۈكنىڭ ئۆلۈكىنى

ئەپچىقىۋەتمەكچى بولغانىكەن، ئەمما شىر ئۇنىڭ قېشىغا ھېچكىمنى يېقىن يولاتماپتۇ.



باغچە خوجايىنى كۆڭلىدە:« شىرنىڭ قېشىغا باشقا بىر كۈچۈكنى ئەكىرىپ بەرسەم، بەلكىم شىر قايغۇ-ئەلىمىنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، شىر قەپىسىنىڭ ئىچىگە يەنە بىر كۈچۈكنى سولاپ قويۇپتۇ. بىراق، شىر بۇ كۈچۈكنى تالاپ پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ. شىر كۈچۈكنىڭ ئۆلۈكنى پەنجىلىرى بىلەن قۇچاقلىغىنىچە تۇپتوغرا بەش كۈن جىمجىت يېتىپتۇ. ئالتىنچى كۈنى شىرمۇ ئۆلۈپ قاپتۇ.

# مىراسنى تەڭ بۆلۈشۈش

سودىگەرنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. سودىگەر چوڭ ئوغلىغا بەكراق ئامراق بولۇپ، مال-مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى چوڭ ئوغلىغا قالدۇرۇپ كېتىشنى ئويلايدىكەن. سودىگەرنىڭ ئايالى بولسا كىچىك ئوغلىنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېرىدىن مال-مۈلۈككە كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى توغرىسىدىكى قارارنى بەك بۇرۇن جاكارلىۋەتمەسلىكنى ئۆتۈنۈپتۇ. سودىگەر ئايالىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ قارارىنى جاكارلىماپتۇ.

بىر كۈنى، سودىگەرنىڭ ئايالى دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغىنىچە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپتۇ. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ساياھەتچى دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە سەۋەبتىن يىغلاۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ:

— مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ماڭا نىسبەتەن ئىككىلا ئوغلۇم ئوخشاشلا سۆيۈملۈك ئىدى، لېكىن ئاتا بولغان ئادەم مال-مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى بىرلا ئوغلىغا قالدۇرۇپ، يەنە بىر ئوغلىغا ھېچنېمە بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئاستى، مەن ئۇنىڭدىن بۇ قارارنى ئوغۇللىرىمىزغا ئۇقتۇرماي تۇر، مەن بىرەر ئامال تاپقاندىن كېيىن ئاندىن ئېيتايلى، دەپ ئۆتۈندۈم. مېنىڭ يىغىپ قويغان ئايرىم پۇلۇم يوق، شۇڭا كىچىك ئوغلۇمغا قانداق ياردەم قىلىشىمنى بىلەلمەي بېشىم قېتىپ كەتتى، — دەپتۇ.

ساياھەتچى ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ باش قېتىنچىلىقىڭىزنى ئاسانلا ھەل قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. سىز ھازىرلا بېرىپ ئىككى ئوغلىڭىزغا، چوڭ ئوغۇل بارلىق مال-مۈلۈككە مىراسخور بولىدۇ، كىچىك ئوغۇلغا ھېچنېمە بېرىلمەيدۇ، دەپ ئېيتىڭ. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلار ئېرىشىدىغان مال-مۈلۈك ئوخشاش بولىدۇ، — دەپتۇ.

كىچىك ئوغۇل ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆيدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتقا ھۈنەر، ئىلىم ئۆگەنگىلى مېڭىپتۇ. چوڭ ئوغۇل بولسا، ئاتىسىنىڭ يېنىدا

قېلىپ كۆن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنچە كاتتا بايغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ھېچ نەرسە ئۆگەنمەپتۇ.

سودىگەر ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغۇل قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمىگەچكە ئاتىسىدىن قالغان مال-دۇنيانى بۇزۇپ-چېچىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. كىچىك ئوغۇل بولسا، سىرتلاردا يۈرۈپ پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىۋالغان بولغاچقا، كېيىنچە كاتتا بايغا ئايلىنىپتۇ.



# ئۈچ ئوغرى

بىر دېھقان بىر ئېشەك بىلەن بىر ئۆچكىنى يېتىلەپ، ساتقىلى شەھەرگە مېڭىپتۇ. ئۆچكىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىقلىق ئىكەن.

ئۈچ ئوغرىنىڭ دېھقانغا كۆزى چۈشۈپتۇ-دە، بىرى:

— مەن ئىنسۇ جىنغا تۇيدۇرماي، ئۇنىڭ ئۆچكىسىنى ئوغرىلىيالايمەن،— دەپتۇ.

يەنە بىرى:

— مەن ئۇنىڭ يېتىلىۋالغان ئېشىكىنى ئوغرىلىيالايمەن،— دەپتۇ.

ئۈچىنچىسى بولسا:

— ئۇ دېگەن قانچىلىك ئىش ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلىيالايمەن،— دەپتۇ.

بىرىنچى ئوغرى ئاستا ئىمىسقىلاپ ئۆچكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە، ئۇنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقنى يېشىۋېلىپ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆچكىنى يېتىلەپ دالىغا قاراپ تىكىۋېتىپتۇ.

بۇ دېھقان يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، ئۆچكىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ-دە، ئۆچكىسىنى ئىزدىگىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا ئىككىنچى ئوغرى ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. دېھقان ئۇنىڭغا ئۆچكىسىنى ئوغرىغا بېرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوغرى:

— مەن ئۆچكەڭنى كۆردۈم، بايا بىر ئادەم ئۇنى يېتىلەپ ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى،— دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان دېھقان بۇ ئوغرىغا ئېشىكىگە قاراپ قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئۆچكە ئوغرىسىنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى ئوغرى ئېشەكنى يېتىلىگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

دېھقان ئورمانلىقتىن قايتىپ كېلىپ ئېشىكىنىڭمۇ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ-دە، ھەدەپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇ يىغلىغىنىچە چوڭ يولنى بويلاپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

بىر چاغدا ئۇ كۆل بويىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بۇ ئادەم:

— بىرى ماڭا بىر خالتا ئالتۇننى شەھەرگە ئاپىرىپ بېرىشنى بۇيرۇغانىدى. بايا مەن ھېرىپ كېتىپ كۆل بويىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ، ئويلىمىغان يەردىن كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ئۇيقۇلۇقتا چۆشەكەپ بىر خالتا ئالتۇننى كۆلگە چۈشۈرۈۋېتىپتىمەن،— دەپتۇ.

دېھقان ئۇنىڭدىن:

— نېمە ئۈچۈن كۆلگە چۈشۈپ سۈزۈپ چىقمايسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى ئادەم:

— مەن سۇدىن قورقىمەن، چۈنكى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن، ئەگەر كىمكى بۇ بىر خالتا ئالتۇننى سۇدىن ئېلىپ چىقىپ بەرسە، مەن ئۇنىڭغا 20 تەڭگە بېرىمەن،— دەپتۇ.

دېھقان ئىچىدە خۇشال بولۇپ، كۆڭلىدە: «بۇ خۇدانىڭ بەرگىنى-دە! چۈنكى ئۆچكەم بىلەن ئېشىكىمنى باشقىلار ئوغرىلاپ كەتتى ئەمەسمۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ دېھقان كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، كۆلگە



سەكرەپتۇ. بىراق، كۆلدىن بىر خالتا ئالتۇننى تاپالماپتۇ. ئۇ كۆلدىن چىقىپ قاراپ كېيىملىرىنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى بايقاپتۇ.

بۇنى ھېلىقى ئۈچىنچى ئوغرى قىلغان بولۇپ، ئۇ دېھقاننىڭ كېيىملىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەنىكەن.

# ئاققۇتان، بېلىق ۋە راك

ئاققۇتان كۆل بويىدا ياشايدىكەن، ئۇ قېرىپ ئاجىزلاپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بېلىق تۇتۇپ يېگۈدەك ھالى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرەر ھىيلە ئىشلىتىپ جان باقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ كۆلدىكى بېلىقلارغا:

— ھەي، بېلىقلار! بېشىڭلارغا كېلىۋاتقان بالا-قازادىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ مەن ئادەملەرنىڭ كۆلنىڭ سۈيىنى قۇرۇتىۋېتىپ، ھەممىڭلارنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تولىمۇ ياخشى بىر كۆلنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، مېنىڭ سىلەرگە تازىمۇ ياردەم قىلغۇم بار ئىدى، لېكىن قېرىپ قالدىم، ئۇچقۇدەك ماغدۇرۇم قالمىدى، — دەپتۇ.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان بېلىقلار ھەدەپ ئۇنىڭدىن ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ئاققۇتان:

— بوپتۇ، مەن ماجالىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ كۆرەي! مەن ياردەملىشىپ، سىلەرنى كۆچۈرۈپ قوياي. بىراق، مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن بىراقلا چىقالمايمەن، سىلەرنى بىردىن-بىردىن ئېلىپ ماڭىمەن، — دەپتۇ.

بېلىقلار خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ-دە، ھەدەپ تالاشقىلى تۇرۇپتۇ ۋە:

— مېنى ئېلىپ ماڭغىن! مېنى ئېلىپ ماڭغىن! — دېيىشىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئاققۇتان بېلىقلارنى توشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر بېلىقنى تۇمشۇقى بىلەن چىشلىۋېلىپ، ئېتىزلىققا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يەۋېتىپتۇ ۋە شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن بېلىقلارنى يەۋېتىپتۇ.

بۇ كۆلدە بىر قېرى راك ياشايدىكەن. ئاق قوتان بېلىقلارنى چىشلىگەن پېتى ئېلىپ مېڭىشقا باشلىغاندىلا، ئۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— ھەي ئاققۇتان ئاكا! ئەمدى مېنىمۇ يېڭى ماكانىمىزغا ئاپىرىپ قويغىن، — دەپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن ئاققۇتان راكىنىمۇ چىشلىگەن پېتى ئۇچۇپتۇ. ئاققۇتان ئېتىزلىققا ئۇچۇپ كېلىپ، راكىنىمۇ پەسكە تاشلايدىغان چاغدا، راك يەردىكى بېلىق سۆڭەكلىرىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، دەرھال قىسقۇچلىرى بىلەن ئاققۇتاننىڭ بويىنىنى مەھكەم قىسىۋاپتۇ. ئاققۇتان نەپەس ئالالماي ئۆلۈپ قاپتۇ. راك بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان كۆلگە قايتىپ كېلىپ، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىشلارنى بېلىقلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

# كىرپە بىلەن ياۋا توشقان

ياۋا توشقان كىرپە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا:
— سېنىڭ ھەممە يېرىڭ بولىدۇ، شۇغىنىسى خاموت ئاياغ سەندە، شۇڭا يول يۈرگەندە دىڭگۇسلاپ ماڭىسەن،— دەپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن كىرپە:
— سەن مېنى مازاق قىلما، مېنىڭ خاموت ئاياغلىرىم سېنىڭ تۈز پۇتلىرىڭدىنمۇ تېزراق چاپالايدۇ. مەن ئۆيۈمگە بىر بېرىپ كېلەي، ئاندىن ئىككىمىز يۈگۈرۈشتە بەسلىشىپ باقايلى،— دەپتۇ.
كىرپە ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا:
— مەن ياۋا توشقان بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلىشىشكە كېلىشتىم،— دەپتۇ.
كىرپە خانىم:
— سەن ئېلىشىپ قالمىغانسەن! سەن قانداقمۇ ياۋا توشقان بىلەن بەسلىشەلەيسەن؟ ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇنچە چاققان، سەن بولساڭ ئاقساق پۇتلىرىڭ بىلەن ئارانلا ماڭىدىغان تۇرساڭ،— دەپتۇ.
كىرپە جاۋابەن:
— ئۇنىڭ پۇتلىرىغۇ چاققان، لېكىن مېنىڭ كاللام ئىشلەيدۇ، سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلساڭلا بولىدۇ، ھازىر بىز ئېتىزلىققا بارايلى!— دەپتۇ.
ئۇلار ئاغدۇرۇلغان ئېتىزلىققا يېتىپ كېلىپ، ياۋا توشقاننى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. كىرپە خوتۇنىغا:
— سەن چۈنەكنىڭ بۇ بېشىغا يوشۇرۇنىۋالغىن، مەن ياۋا توشقان بىلەن چۈنەكنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ ياققا يۈگۈرىمىز، ئۇ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىغاندا، مەن كەينىمگە قاراپ يۈگۈرىمەن. ئۇ سېنىڭ قېشىڭغا يېتىپ كەلگەندە، سەن يوشۇرۇنغان جايىڭدىن چىقىپ: «مەن سېنى ساقلىغىلى نەۋاق!» دەيسەن. ئۇ بىزنىڭ تۇرقىمىزنى پەرقلەندۈرەلمەي، سېنى مەن دەپ قالىدۇ،— دەپتۇ.

كىرپە خانىم دىگەندەك چۆنەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۋاپتۇ. كىرپە بىلەن توشقان چۆنەكنىڭ ئۇ بىشىدىن بۇ بىشىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ياۋا توشقان يۈگۈرۈپ كىتىشى بىلەن كىرپە كەينىگە يىنىپ بىرىپ چۆنەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۋاپتۇ. ياۋا توشقان پەللىگە يىتىپ كىلىپ، شۇنداق قاراپلا چۆچۈپ كىتىپتۇ. چۈنكى، كىرپە خانىم ئۇ يەردە ئاللىقاچان تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن. ئۇ ياۋا توشقاننى كۆرۈپ:

— مەن سىنى بۇ يەردە ساقلاۋاتقىلى نەۋاق!— دەپتۇ.

ياۋا توشقان ئەركەك كىرپە بىلەن چىشى كىرپىنى پەرقلەندۈرەلمەي، كۆڭلىدە: «بۇ تازا غەلىتە ئىشقۇ! ئۇ قانداقلارچە بۇنچە تىز يۈگۈرگەندۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ.

— بولىدۇ،— دەپتۇ ياۋا توشقان قايىل بولماي،— بىز يەنە بىر قىتىم سىنىشايلى.

— كىلە ئەمىسە!

ياۋا توشقان كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كىتىپتۇ، پەللىگە يىتىپ كىلىشىگە، كىرپە يەنە كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا:

— ھەي بۇرادەر، سەن ئەمدى يىتىپ كەلدىڭمۇ؟ مەن ئاللىقاچان بۇ يەرگە كىلىپ بولغان،— دەپتۇ.

ياۋا توشقان كۆڭلىدە: «تازىمۇ غەلىتە ئىشقۇ بۇ! مەن شۇنچە تىز يۈگۈرسەممۇ ئۇنىڭ يەنە مەندىن ئۆتۈپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان» دەپ ئويلاپتۇ.

— بىز يەنە بىر قىتىم سىنىشايلى، ئەمدى مىنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكىنىڭنى بىر كۆرەي.

— قىنى، باشلىدۇق ئەمىسە!

ياۋا توشقان بار كۈچى بىلەن سەكرىگىنىچە يۈگۈرۈپ كىتىپتۇ، ئۇ پەللىگە يىتىپ كىلىپ قارىسا، كىرپە ئۆزىدىن بۇرۇن يىتىپ كىلىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغۇدەك.

شۇنىڭ بىلەن قايىل بولمىغان ياۋا توشقان، چۆنەكنىڭ ئۇ بىشىدىن بۇ بىشىغا توختىماستىن يۈگۈرگىلى تۇرۇپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ ماغدۇرى تۈگەپ ھىچ ھالى قالماپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ياۋا توشقان ئۇتتۇرغانىغا تەن بىرىپ:

– بۆنگدىن كيين سەن بىلەن هەرگىز بەسىلەشمەيمەن، – دەپتۇ.

# ئىككى ئاكا- ئۇكا

ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ساياھەتكە چىقىپتۇ، چىڭقىچۈش مەزگىلىدە ئۇلار بىر ئورمانلىقتا سۇنايلىنىپ يېتىپ دەم ئاپتۇ. ئۇلار ئۇيقۇدىن ئويغانغان چېغىدا، يېنىدا تۇرغان بىر پارچە تاشنى كۆرۈپتۇ، تاشقا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە قۇر خەت ئويۇقلۇق ئىكەن: «كىمكى بۇ تاشنى بايقىغان ھامان دەرھال كۈنچىقىش تەرەپتىكى ئورمانلىققا قاراپ ئۇدۇل ماڭسۇن، ئورمانلىقتا بىر دەريا ئۇچرايدۇ، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، نېرىقى قىرغاققا چىقسا، بۇ چاغدا بىر نەچچە بالىسى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن بىر ئانا ئېيىقنى ئۇچرىتىدۇ، ئېيىق بالىسىدىن بىرنى ئېلىپلا كەينىگە قارىماي تاغقا قاراپ قاچسۇن، تاغنىڭ ئۈستىدە بىر ئۆينى كۆرىدۇ ۋە بۇ ئۆيدىن بەختىنى تاپىدۇ...».

ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن تاشقا ئويۇلغان بۇ خەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنىسى ئاكىسىغا:

— بىز بىللە بارايلى، دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئېيىق بالىسىنى ئاشۇ ئۆيگە ئاپىرىپ قويساق، بەلكى بەختىمىزنى تېپىپ قالساق ئەجەب ئەمەس،— دەپتۇ. بىراق، ئاكىسى ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماي:

— مەن ئورمانلىققا بېرىپ ئېيىق بالىسىنى تۇتمايمەن، سېنىڭ بېرىشىڭنىمۇ توغرا تاپمايمەن. بىرىنچىدىن، بۇ تاشقا ئويۇلغان گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن، بەلكى بۇ چاقچاق بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمىز. ئىككىنچىدىن، تاشقا ئويۇلغان گەپلەرنى راست دېگەندىمۇ، بىز ئورمانلىققا يېتىپ بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ، ھېلىقى دەريانى تاپالماي قالساق يولدىن ئېزىپ قالىمىز. بوپتۇ، دەريانى تاپتۇقمۇ دەيلى، دەريادىن قانداق ئۆتىمىز؟ ئەگەر دەريانىڭ ئېقىمى تېز، سۇ يۈزى بەك كەڭ بولسىچۇ؟ ئۈچىنچىدىن، دەريادىن ئۆتتۇقمۇ دەيلى، ئانا ئېيىقنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭ بالىسىنى ئېلىپ كېتىش، شۇنداق ئاسان ئىشمۇ؟ ئانا ئېيىق بىزنى تالاپ پارا-پارا قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ھالدا بىز بەختىمىزنى تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىكاردىن-بىكارلا جېنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. تۆتىنچىدىن، بىز ئېيىق بالىسىنى

ئېلىپ قاچتۇقمۇ دەيلى، بىز ھەرقانچە تېز يۈگۈرگەن بىلەنمۇ تاغقا چىقالىشىمىز ناتايىن. ئەڭ مۇھىمى، تاشقا ئويۇلغان گەپلەردە بىز ئۆيدىن تاپىدىغان بەختنىڭ نېمىلىكى ئەسكەرتىلمىگەن. ئېھتىمال، ئۇ يەردە بىز قىلچە ئېھتىياجلىق بولمىغان بەخت بىزنى كۈتۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىنىسى:

— مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، باشقىلار ھېچبىر سەۋەبسىزلا تاشقا ئاشۇ گەپلەرنى ئويۇپ قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ئېنىق تۇرسا. بىرىنچىدىن، بىز بېرىپ سىناپ كۆرەيلى، بۇنىڭ ھېچبىر يامىنى يوق؛ ئىككىنچىدىن، بىز تاشقا ئويۇلغان مەزمۇنلاردىن خەۋەر تاپقان تۇرۇقلۇق بارمىساق، كېيىن باشقىلار بېرىپ، بەختنى تاپسا، بىز پۇشايماندا قالمامدۇق؟ ئۈچىنچىدىن ، دۇنيادا جاپا تارتماي، قول سېلىپ ئىشلىمەي تۇرۇپ ھالاۋەتكە قانداق ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ تۆتىنچىدىن، مەن كىشىلەرنىڭ مېنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، جۈرئەتسىز ئادەم، دەپ قېلىشىنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

بۇنىڭغا جاۋابەن ئاكىسى:

— كونىلارنىڭ: «چوڭنى دەپ كىچىكىدىن قۇرۇق قاپتۇ»، «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپتۇ» دېگەندەك ماقال-تەمسىللىرىنى ئاڭلىغانمەن، — دەپتۇ.

ئىنىسى ئۇنىڭغا:

— مەنمۇ كونىلارنىڭ: «بۆرىدىن قورقساڭ جاڭگالغا كىرمە»، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەندەك ماقال-تەمسىللىرىنى ئاڭلىغانمەن، مېنىڭچە بېرىش كېرەك، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىنىسى كېتىپتۇ، ئاكىسى بولسا قېلىپ قاپتۇ.

ئىنىسى ئورمانلىق ئىچىگە كېرىش بىلەن بىر دەرياغا ئۇچراپتۇ. ئۇ دەرياغا سەكرەپ چۈشۈپ قارشى قىرغاققا ئۈزۈپ چىقىپتۇ، بۇ يەردە بىر ئانا ئېيىقنى ئۇچرىتىپتۇ، ئۇ ئۇخلاۋاتقانىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئېيىق بالىسىنى كۆتۈرگەن پېتى، ئالدى-كەينىگە قارىماي تاغقا قاراپ قېچىپتۇ. ئۇ تاغ چوققىسىغا يېتىپ چىقىشى بىلەن ئۇنى بىر توپ ئادەم قارشى ئاپتۇ. ئۇلار ئۇنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىۋاپتۇ.

ئۇ بەش يىل پادىشاھ بولۇپتۇ، ئالتىنچى يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بىر پادىشاھ زور قوشۇن باشلاپ، بۇ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپتۇ ۋە غەلىبە قىلىپ ئۇنى ھەيدىۋېتىپتۇ. ئۇ بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ، كېيىن ئاكىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ.



ئاكىسى سەھرادا بەك باياشات دېگىلى بولمىسىمۇ ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ئاكا-ئۇكىلار ئۇچرىشىپ بەك خۇشال بولۇشۇپتۇ. بۇ يىللار مابەينىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىشىپتۇ.

ئاكىسى ئۇكىسىغا:

— قارىغاندا، ئىشلار مېنىڭ دېگىنىمدەك نەتىجىلىنىپتۇ. مەن غەم ئەندىشىدىن خالىي ھالدا ھايات كەچۈرۈپ كەلدىم، سەن گەرچە پادىشاھ بولغان بولساڭمۇ، لېكىن نۇرغۇن جەبىر-جاپالارنى چېكىپسەن، — دەپتۇ.

ئىنىسى ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— مەن ئەينى چاغدا ئورمانلىققا كىرىپ، ئاندىن تاغقا چىققان ئىشىمدىن ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. شۇ تاپتا، ئەھۋالىم ياخشى بولمىسىمۇ، ئەمما مېنىڭ ئەسلەشكە ئەرزىگۇدەك ئىشلىرىم بار. ۋەھالەنكى، سېنىڭ بولسا ئەسلىگۇدەك ھېچقانداق ئىشىڭ يوق، — دەپتۇ.

# سۇ يىلىنى

بىر ئايالنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ماشا ئىكەن. بىر كۈنى ماشا دوستلىرى بىلەن سۇغا چۆمۈلگىلى بېرىپتۇ، قىزلار كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ، قىرغاقتا تاشلاپ قويغاندىن كېيىن سۇغا سەكرىشىپتۇ.

بىر چاغدا، سۇدىن يوغان بىر سۇ يىلىنى ئۆمىلەپ چىقىپتۇ-دە، كەلگەن پېتى ماشانىڭ كۆڭلىكى ئۈستىدە دۈگىلەك بولۇۋېلىپ يېتىۋاپتۇ. قىزلار سۇدىن چىقىشقاندىن كېيىن، ھەر كىم ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ، يۈگۈرگەن پېتى ئۆيلىرىگە كېتىشىپتۇ. ماشا بولسا كۆڭلىكىنى ئالاي دەپ قاراپ، ھېلىقى سۇ يىلىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ، سۇ يىلىنىنى قوغلىۋېتەي دەپ تەمشىلىشىگە سۇ يىلىنى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئادەمزات تىلىدا:

— ماشا، ھەي ماشا، ماڭا ياتلىق بولساڭ! — دەپتۇ.

ماشا يىغلاپ تۇرۇپ:

— كۆڭلىكىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭلا، مېنى نېمە قىل دېسەڭ شۇنىڭغا ماقۇل بولىمەن، — دەپتۇ.

— ماڭا ياتلىق بولامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ، سۇ يىلىنى.

— ماقۇل، بولاي، — دەپتۇ ماشا.

شۇنىڭ بىلەن سۇ يىلىنى كۆڭلەك ئۈستىدىن چۈشۈپ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ماشا كۆڭلىكىنى كىيگەندىن كېيىن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئاپىسىغا:

— ئاپا، بايا بىر سۇ يىلىنى كۆڭلىكىمنىڭ ئۈستىدە يېتىۋاپتۇ، ئۇ: «ماڭا تېگىشكە ماقۇل بولىسەن، بولمىسا كۆڭلىكىڭنى قايتۇرۇپ بەرمەيمەن» دەپ تۇرىۋالدى. مەن ئامالسىزلىقتىن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم، — دەپتۇ.

ئاپىسى بىر پەس كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن:

— قىزىم، چۈشەكىمەيۋاتقانسەن، — دەپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، بىر توپ سۇ يىلىنى ماشىنىڭ ئۆيىگە ئۆمىلەپ كېلىشىپتۇ. ماشا بۇنچە كۆپ سۇ يىلىنىنى كۆرۈپ بەك قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئاپا، سۇ يىلىنى مېنى كۆچۈرۈپ كەتكىلى كەپتۇ، — دەپتۇ.

ئاپىسى باشتا ئىشەنمەپتۇ، كېيىن يىلانلارنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ-دە، قورۇنىڭ دەرۋازىسى بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋاپتۇ. يىلانلار دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسى ئاستىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ دالانغا كىرىپ كەپتۇ. ئەمما ئۆينىڭ ئىچىگە كىرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلانلار سىرتقا قايتىپ چىقىپتۇ ۋە بىر- بىرىگە چىرمىشىپ بىر كاللەك بولۇپتۇ-دە، ئۆزلىرىنى دېرىزىگە ئۇرۇپتۇ. نەتىجىدە دېرىزىنىڭ ئەينىكى چېقىلىپ، بىر مۇنچە يىلان ئۆيگە چۈشۈپتۇ. ئورۇندۇق، ئۈستەل، كاڭلارنىڭ ئۈستى يىلانلار بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا قورقۇپ كەتكەن ماشا كاڭنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ تۈگۈلۈپ تۇرىۋالغانىكەن. يىلانلار ئۇنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى تارتۇشتۇرغان پېتى سۇ بويىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

ئاپىسى يىغلىغان پېتى يىلانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، ئەمما ئۇلارغا يېتىشەلمەپتۇ. سۇ يىلانلىرى ماشانى سۇ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ئاپىسى قىزىنىڭ دەردىدە زار-زار يىغلاپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ قىزىنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىغانىكەن.

بىر كۈنى ئاپىسى دېرىزە تۈۋىدە سىرتقا قاراپ ئولتۇرسا، توساتتىن ماشا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ بىر قولىدا بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ، يەنە بىر قولىدا بىر قىز بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغانىكەن.

قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتكەن ئاپىسى، بېرىپ ماشانى سۆيۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەيەرگە كەتكەنلىكىنى، ئېلىپ كەلگىنى كىمنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ماشا سۇ يىلىنىغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، سۇ ئاستىدىكى خرۇستال ئوردىدا ياشىغانلىقىنى، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئاپىسى ماشادىن:
— خرۇستال ئۇردىدىكى تۇرمۇشۇڭ ياخشى ئۆتتىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.
ماشا:
— ئىنسانىيەت ئالىمىدىكىدىن ياخشى ئۆتتى،— دەپتۇ.
ئاپىسى ماشاغا:
— بۇ يەردە قېلىپ مەن بىلەن تۇرغىن،— دەپتۇ. لېكىن ماشا ئۇنىماپتۇ. ئۇ ئاپىسىغا:
— مەن ئىرىمگە قايتىپ كېلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن،— دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئاپىسى قىزىدىن سوراپتۇ:
— سەن ئۆيۈڭگە قانداق قايتىپ كېتىسەن؟
— مەن سۇ بويىغا بېرىپ، ھەي، ئاسپور، ئاسپور، چىقىپ مېنى ئېلىپ كەتكىن، دەپ توۋلىسام، ئۇ قىرغاققا چىقىپ مېنى ئېلىپ كېتىدۇ.
ئاپىسى ماشاغا:
— ئۇنداقتا ياخشى، ئەمما سەن ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ ئاندىن كەتكىن،— دەپتۇ.
ماشا ئۇخلاپ قاپتۇ، ئاپىسى قولىغا بىر پالتىنى ئېلىپ سۇ بويىغا بېرىپتۇ. ئۇ سۇ بويىدا تۇرۇپ:
— ھەي، ئاسپور، ئاسپور، بۇ يەرگە كەلگىن،— دەپ توۋلاپتۇ.
سۇ يىلىنى ئۇزگەن پېتى كېلىپ قىرغاققا چىقىپتۇ. ئاپىسى پالتا بىلەن بىر چېپىپ، سۇ يىلىنىنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. قىپقىزىل قان سۇ يۈزىنى بويىۋېتىپتۇ.
ئاپىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ماشا ئاللىقاچان ئويغانغان بولۇپ، ئۇ ئاپىسىغا:
— ئاپا ئەمدى مەن قايتىپ كېتەي، ئەمما كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولىۋاتىدۇ،— دەپتۇ.
ئۇ كىچىك قىزىنى كۆتۈرۈپ، ئوغلىنى يېتىلىگىنىچە يۈرۈپ كېتىپتۇ.
ماشا سۇ بويىغا كېلىپ:

— ھەي ئاسپور، ئاسپور، چىقىپ مېنى ئېلىپ كەتكىن،— دەپ توۋلاپتۇ، لېكىن سۇدىن ھېچقانداق سادا چىقماپتۇ.
بۇ چاغدا سۇ يۈزىنىڭ قىپقىزىل قانغا بويالغانلىقىنى ۋە بىر يىلان بېشىنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.
ماشا قىزى بىلەن ئوغلىنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن ئۇلارغا:



— سىلەر داداڭلاردىن ئايرىلىپ قالدىڭلار، ئەمدى ئاپاڭلاردىنمۇ ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىسىلەر. ئېھ قىزىم، سىز قارلىغاچ بولۇپ سۇ يۈزىدە ئۇچۇپ يۈرۈڭ! ئېھ ئوغلۇم، سىز بۇلبۇلغا ئايلىنىپ، ئەتىگەن- كەچتە سايراپ توختىماڭ! ئۆزۈم كاككۇكقا ئايلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئېرىمنىڭ ھازىسىنى تۇتاي،— دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

# پادىشاھ بىلەن قارچىغا

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوۋغا چىقىپ، ئامراق قارچىغىسىنى توشقان تۇتۇشقا قويۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۆزى ئۇنىڭ كەينىدىن ئاتلىق قوغلاپتۇ. قارچىغا بىر توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. پادىشاھ توشقاننى ئېلىپ ئېتىغا غانجۇغلاپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھ قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر تۆپىلىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، يۇقىرىدىن پەسكە تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان سۇنى كۆرۈپتۇ. تەشنالىقتىن تاقىتى تاق بولغان پادىشاھ تامچىلاۋاتقان سۇغا قاچىسىنى تۇتۇپتۇ. خېلى بىر ھازادىن كېيىن قاچا ئاران توشۇپتۇ. پادىشاھ قاچىغا ئېغىزىنى ئاپىرىپ، ئەمدى ئىچەي دەپ تۇرىشىغا بىلىكىگە قوندۇرۇۋالغان قارچىغا قاناتلىرىنى قېقىپ قاچىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ قايتىدىن قاچا تۇتۇپ سۇ يىغىپتۇ. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن قاچا يەنە تولۇپتۇ. ئۇ ئىككىنچى قاچا سۇنى ئىچەي دەپ تەمشىلىشىگە قارچىغا يەنە قاناتلىرىنى قېقىپ، قاچىدىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ.



پادىشاھ ئۈچىنچى قېتىم يەنە بىر قاچا سۇنى يىغىپ، ئىچەي دەپ قاچىنى ئاغزىغا ئېلىپ بېرىشىغا، قارچىغا يەنە قاناتلىرىنى قېقىپ قاچىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. قاتتىق غەزىپى كەلگەن پادىشاھ قارچىغىنىڭ پۇتلىرىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە ئۇنى تاشقا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاڭغىچە، پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرىمۇ يېتىپ كەپتۇ. بىر مۇلازىم تامچىلىۋاتقان سۇنىڭ بېشىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى چاپسانراق بېرىپ بىر قاچا سۇ ئېلىپ كېلىش

ئىكەن. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قۇرۇق قاچىنى كۆتۈرگىنىچە قايتىپ كەپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— بۇ سۇنى ئىچكىلى بولمايدىكەن، سۇنىڭ بېشىدا بىر زەھەرلىك يىلان بار ئىكەن، ئۇ زەھىرىنى سۇغا چىقىرىۋەتكەنىكەن. بەختكە يارىشا قارچىغىلىرى سۇنى تۆكۈۋېتىپتۇ، ئەگەر ئىچكەن بولسىلا جانلىرىغا شىكەستە يېتىدىكەندۇق، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— ئاھ، ۋاپاغا جاپا قىلىپتىمەنغۇ! جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان قارچىغامنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىمنى كۆرمەمدىغان! — دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ.

## ئەما ۋە كالا سۈتى

بىر تۇغما ئەما ئادەم كۆزى روشەن بىر ئادەمدىن سوراپتۇ:
— سۈتنىڭ رەڭگى قانداق بولىدۇ؟
كۆزى روشەن ئادەم:

— سۈتنىڭ رەڭگى خۇددى قەغەزدەك ئاپئاق بولىدۇ، — دەپتۇ.
ئەما ئادەم:
— بۇ خىل رەڭنى قول بىلەن تۇتقاندا قەغەزدەك شاراقشىمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
كۆزى روشەن ئادەم:
— ياق، بۇ خىل رەڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاپئاق بولىدۇ، — دەپتۇ.
ئەما ئادەم:
— ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا ئوخشاش يۇمشاق ھەم چىچىلىپ تۇرامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
كۆزى روشەن ئادەم:
— ياق، ئۇ پەقەت ئاق توشقاندەك ئاپئاق، — دەپتۇ.
ئەما ئادەم:
— ئۇنداقتا، توشقانغا ئوخشاش تۈكلۈك ھەم يۇمشاق بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
كۆزى روشەن ئادەم:
— ياق، بۇ ئاق رەڭ خۇددى قارنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.
ئەما ئادەم:
— ئۇنداقتا، خۇددى قارغا ئوخشاش سوغۇق بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

كۆزى روشەن ئادەم يەنە نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەما ئادەم يەنىلا سۈتنىڭ ئاق رەڭگىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ.

# بۆرە بىلەن كامالەك

بىر ئوۋچى ئوقياسىنى ئېلىپ ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىپ، بىر تاغ تېكىسىنى ئېتىۋاپتۇ-دە، ئۇنى يەلكىسىگە ئارتىپ ئالدىغا قاراپ داۋاملىق مېڭىپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا بىر ياۋا چوشقا ئۇچراپتۇ. ئۇ تاغ تېكىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ياۋا چوشقىغا ئوق ئۈزۈپتۇ، يارىلانغان ياۋا چوشقا ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئۇنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئۆزىمۇ نەپەستىن توختاپتۇ.

قان پۇرىقىنى ھىدلىغان بىر بۆرە تاغ تېكىسى، ياۋا چوشقا، ئوۋچى ياتقان ۋە كامالەك تاشلىنىپ تۇرغان يەرگە كەپتۇ. خۇشاللىقتىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغان بۆرە كۆڭلىدە: «ئەمدى نەچچە كۈنگىچە ئوزۇقتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇم. مەن ھەممىنى بىر يولىلا يەپ تۈگەتمەي، يۇمشاق چايناپ، زايە قىلماي ئاز-ئازدىن يەي. باشتا قاتتىقىنى، ئاندىن يۇمشاق، مەززىلىكىنى يەي» دەپ ئويلاپتۇ.



بۆرە تاغ تېكىسى، ياۋا چوشقا ۋە ئوۋچىنى پۇراپ كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇلار يۇمشاق ئىكەن، كېيىن يەي، باشتا كامالەك كىرىچىنى يەي، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ، كامالەكنىڭ كىرىچىنى چىشلەپتۇ. ئۇ كامالەكنىڭ كىرىچىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشى بىلەن تەڭ، قاتتىق تارتىلىپ ئېگىلگەن كامالەك بىرىپ بۆرىنىڭ قورسىقىغا تېگىپتۇ. بۆرە شۇئان تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. بۇ چاغدا باشقا بۆرىلەر يېتىپ كېلىپ، ئوۋچى، تاغ تېكىسى، ياۋا چوشقا ۋە ھېلىقى نەس باسقان بۆرىنى قوشۇپ پاك-پاكىز يەۋېتىپتۇ.

# دېھقاننىڭ غاز تەقسىم قىلىشى

بۇرۇن بىر نامرات دېھقان ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاشلىق ئۆكسۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، پومېشچىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ئازراق ئاشلىق ئۆندۈرىۋالماقچى بولۇپتۇ. باي خوجامنىڭ ئۆيىگە قۇرۇق قول بېرىشنى بىئەپ كۆرگەن دېھقان، بىر غازنى تۇتۇۋېلىپ كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

پومېشچىك كەمبەغەل دېھقاننىڭ قولىدىن غازنى ئېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئېھ بۇرادەر! ماڭا غاز ئەكەلگىنىڭگە رەھمەت. لېكىن مەن بۇ غازنى ئۆيدىكىلەرگە قانداق تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بىلمەيۋاتىمەن. مېنىڭ خوتۇنۇم، ئىككى ئوغلۇم ۋە ئىككى قىزىم بار. قانداق تەقسىملىسەم ئۆيۈمدىكىلەرنى رازى قىلارمەن؟— دەپتۇ.

دېھقان:

— غازنى سىلەرگە ئۆزۈم تەقسىم قىلىپ بېرەي،— دەپتۇ-دە، قولىغا پىچاقنى ئېلىپ غازنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، پومېشچىككە ئۇزىتىپتۇ ۋە:

— سىلى دېگەن ئۆينىڭ بېشى، شۇڭا غازنىڭ بېشىنى ئۆزلىرى يېسىلە،— دەپتۇ، ئاندىن ئۇ غازنىڭ ساغرىسىنى كېسىۋېلىپ، پومېشچىكنىڭ خوتۇنىغا ئۇزىتىپتۇ ۋە:

— سىلى ئۆيدىن سىرتقا چىقماي، ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى بىر قوللۇق باشقۇرىدىلا، شۇڭا غازنىڭ ساغرىسى سىلىگە تەئەللۇق بولسۇن،— دەپتۇ .

ئۇ يەنە غازنىڭ ئىككى پۇتىنى كېسىۋېلىپ، ئىككى بەگزادىگە ئۇزىتىپ:

— كونىلاردا، مەزمۇت قەدەم تاشلاپ، ئاتاڭغا ئەگىشىپ ماڭ، دەيدىغان گەپ بار،— دەپتۇ. ئاخىرىدا ئۇ غازنىڭ ئىككى قانىتىنى كېسىۋېلىپ، ئىككى خانقىزغا بېرىپتۇ ۋە:

— سىلەر ئۇزۇن ئۆتمەي يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىسىلەر، شۇڭا بۇ قاناتلار سىلەرگە يار بولسۇن. ماۋۇ ئېشىپ قالغىنى بولسا ماڭا تەئەللۇق بولسۇن،— دەپتۇ.

پومىشچىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە كەمبەغەل دېھقانغا بىر مۇنچە ئاشلىق ۋە پۇل بېرىپ يولغا ساپتۇ.

بىر باي دېھقان پومىشچىكنىڭ بىر غازنىڭ بەدىلىگە كەمبەغەل دېھقانغا بىر مۇنچە ئاشلىق ۋە پۇل بەرگىنىنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە جىن كىرىپتۇ-دە، بەش غازنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ، پومىشچىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

پومىشچىك ئۇنىڭغا:

— ئېلىپ كەلگەن غازلىرىڭغا رەھمەت، بىراق، بىز ئىككى ئوغلۇم، ئىككى قىزىم قوشۇلۇپ جەمئىي ئالتە جان ئادەم، غازلارنى قانداق قىلغاندا تەڭ تەقسىم قىلغىلى بولار؟—- دەپتۇ.

باي دېھقان بىر ھازا ئويلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپالماپتۇ. پومىشچىك ئادەم ئەۋەتىپ، ھېلىقى نامرات دېھقاننى چاقىرىپ كەپتۇ-دە، غازلارنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. نامرات دېھقان بىر غازنى ئېلىپ پومىشچىك بىلەن خوتۇنىغا بېرىپ:

— ئىككىڭلارغا بۇ غاز قوشۇلسا ئۈچ بولىسىلەر،— دەپتۇ. ئاندىن يەنە بىر غازنى ئىككى بەگزادىگە بېرىپ:

— سىلەر ئىككىڭلارمۇ بۇ غاز قوشۇلسا ئۈچ بولىسىلەر،— دەپتۇ. ئاخىرىدا يەنە بىر غازنى پومىشچىكنىڭ ئىككى قىزىغا بېرىپ:

— سىلەرمۇ بۇ غاز بىلەن قوشۇلۇپ ئۈچ بولىسىلەر،— دەپتۇ. ئاندىن ئېشىپ قالغان ئىككى غازنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ:



— مەنمۇ بۇ ئىككى غاز بىلەن قوشۇلۇپ، ئوخشاشلا ئۈچ بولىمىز، ھەممىمىزنىڭ ئېسىۋىسى تەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

پومېشچىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، نامرات دېھقانغا يەنە بىر مۇنچە پۇل ۋە ئاشلىق بېرىپتۇ. ھېلىقى باي دېھقاننى بولسا ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

## ئادىل سوتچى

ئالجىرىيە پادىشاھى باۋكاس دۆلىتىدىكى مەلۇم بىر شەھەردە ئادىل ھەم پاك-دىيانەتلىك بىر سوتچىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ دېلولارنى ئاسانلا ئېنىقلاپ چىقىپ، يامان ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنىمۇ تۇردىن چۈشۈرۈپ قويمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئۆزى ئېنىقلاپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ-دە، سودىگەر قىياپىتىدە ھېلىقى سوتچى تۇرىدىغان شەھەرگە قاراپ ئاتلىق مېڭىپتۇ. ئۇ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەن پەيتتە، بىر مەجرۇھ ئادەم ئۇنىڭدىن سەدىقە تىلەپتۇ. باۋكاس ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرىپ ماڭماي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى مەجرۇھ ئادەم ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋاپتۇ. باۋكاس ئۇنىڭدىن:

— نېمە قىلماقچىسەن؟ ھازىرلا ساڭا سەدىقە بەردىمغۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— سەن سەدىقە بېرىپ بولدۇڭ،— دەپتۇ ھېلىقى مەجرۇھ،— سەن ماڭا يەنە بىر ياخشىلىق قىلساڭ، مېنى ئېتىڭغا مىندۈرۈپ شەھەردىكى مەيدانغا ئاپىرىپ قويساڭ، بولمىسا ئۇياق-بۇياقتا ئۆتۈپ تۇرغان تۆگە، ئاتلار مېنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويىشى مۇمكىن.

باۋكاس مەجرۇھ ئادەمنى كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ، مەيدانغا قاراپ مېڭىپتۇ، مەيدانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن باۋكاس ئېتىنى توختىتىپتۇ، لېكىن تىلەمچى ئاتتىن چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. باۋكاس ئۇنىڭغا:

— سەن ئولتۇرىۋېرىسەنغۇ، قېنى ئاتتىن چۈشكىن، بىز مەيدانغا يېتىپ كەلدۇق،— دەپتۇ. تىلەمچى:

— مەن نېمىدەپ چۈشكۈدەكمەن؟ ئات مېنىڭ تۇرسا، سەن ئاتنى ماڭا ياخشىلىقچە قايتۇرۇپ بەرگىن، بولمىسا بۇ ئىشنى سوتچى بىر تەرەپ قىلىپ بەرسۇن،— دەپتۇ.

ئەتراپىغا ئولاشقان ئادەملەر ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشىنى ئاڭلاپ:

— سوتخانىغا بېرىڭلار، جېدەللىڭلارنى سوتچى ئايرىپ قويسۇن،— دېيىشىپتۇ.

باۋكاس بىلەن مەجرۇھ ئادەم سوت مەھكىمىسىگە كەپتۇ. سوتخانىدا ئادەم كۆپ بولۇپ، سوتچى دەۋاگەرلەرنى نۆۋەت بىلەن چاقىرىۋاتقانىكەن. باۋكاسلارنىڭ نۆۋىتى كەلگىچە، سوتچى بىر ئالىم بىلەن بىر دېھقاننى سوتخانىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇلار بىر خوتۇننى تالىشىپ دەۋالاشقانىكەن. دېھقان بۇ ئايال مېنىڭ خوتۇنۇم دېسە، ئالىمۇ بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، دەيدىكەن. سوتچى ئىككىلا تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەل ئويلىنىۋېلىپ:

— بۇ ئايالنى مېنىڭ قېشىمدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئەتە ئېلىپ كېتىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ ئىككى دەۋاگەر كەتكەندىن كېيىن، سوتخانىغا بىر قاسساپ بىلەن بىر ياغ سودىگىرى كىرىپتۇ. قاسساپنىڭ ئۇستۇۋېشى قانغا مىلەنگەن بولۇپ، ياغ سودىگىرىنىڭ ئۇستۇۋېشىمۇ مايلىشىپ كەتكەنىكەن. قاسساپ قولىدا بىر مۇنچە تەڭگىنى سىقىمدىۋالغانىكەن. ياغ سودىگىرى بولسا ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىكەن. قاسساپ:

— مەن بۇ ئادەمدىن ياغ سېتىۋېلىپ، ھەميانىمنى چىقىرىپ پۇل تۆلەي دەپ تۇرسام، ئۇ قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ پۇلۇمنى بۇلىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلدۇق. مېنىڭ قولۇمدا ھەميانىم سىقىمداقلىق، ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتىۋالدى. لېكىن پۇل مېنىڭ، ئۇ دېگەن بۇلاڭچى، — دەپتۇ.

ياغ سودىگىرى بولسا:

— ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، بۇ قاسساپ مېنىڭ قېشىمغا ياغ سېتىۋالغىلى كەپتۇ، مەن ئۇنىڭغا لىق بىر كومزەك ياغ قاچىلاپ بەردىم. ئۇ ماڭا:« بىر تىللانى پارچىلاپ بەرگىن» دېدى. مەن پۇلنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويۇشىمغىلا، ئۇ پۇلنى ئېلىپ قاچماقچى بولدى. مەن ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتىۋالدىم-دە، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

سوتچى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— سىلەر پۇلنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ ئەتە كېلىڭلار، — دەپتۇ.

نۆۋەت باۋكاس بىلەن مەجرۇھ تىلەمچىگە كەپتۇ. باشتا باۋكاس ئىشىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپتۇ، ئاندىن سوتچى مەجرۇھ تىلەمچىدىنمۇ سوراپتۇ. تىلەمچى:

— ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، مەن ئېتىمغا مىنىپ كېتىۋاتسام، ئۇ، يەردە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ، مېنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ كېتىشنى ئۆتۈندى، مەن ئۇنى كەينىمگە مىندۈرۈپ بارماقچى بولغان يېرىگە ئاپىرىپ قويدۇم. لېكىن ئۇ ئاتتىن چۈشكىلى ئۇنىمىدى، ئەكسىچە ئۇ ئات مېنىڭ دەپ تۇرىۋالدى،— دەپتۇ.

سوتچى سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئاتنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئەتە كېلىڭلار،— دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى نۇرغۇن ئادەم سوتچىنىڭ ھۆكۈمىنى ئاڭلىغىلى كەپتۇ.

سوتقا دەسلەپ ئالىم بىلەن دېھقان چىقىپتۇ.

— سەن خوتۇنۇڭنى ئېلىپ كەتكىن،— دەپتۇ، سوتچى ئالىمغا ۋە يەنە،— دېھقان ئەللىك كالتەك ئۇرۇلسۇن،— دەپتۇ.

ئالىم خوتۇنىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. دېھقان نەق مەيداندا جازاغا تارتىلىپتۇ.

ئارقىدىن سوتچى قاسساپنى چاقىرتىپتۇ.

— بۇ پۇللار سېنىڭ،— دەپتۇ سوتچى ئۇنىڭغا، ئاندىن قولىنى ياغ سودىگىرىگە شىلتىپ تۇرۇپ ھۆكۈم ئېلان قىلىپتۇ،— ئۇ ئەللىك كالتەك ئۇرۇلسۇن!

ئەمدى نۆۋەت باۋكاس بىلەن مەجرۇھقا كەپتۇ. سوتچى باۋكاستىن سوراپتۇ:

— سەن يىگىرمە ئاتنىڭ ئارىسىدىن ئۆزۈڭنىڭ ئېتىنى تونۇۋالامسەن؟

— تونۇيالايمەن.

— سەنچۇ؟

— مەنمۇ تونۇيالايمەن،— دەپتۇ مەجرۇھ

— كەينىمدىن ماڭ،— دەپتۇ سوتچى باۋكاسقا.

ئۇلار ئات ئېغىلىغا كەپتۇ. باۋكاس يىگىرمە ئاتنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ئېتىنى تونۇۋاپتۇ.

ئارقىدىن سوتچى مەجرۇھنىمۇ ئات ئېغىلىغا باشلاپ كىرىپ، ئاتلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئېتىنى تونۇۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەجرۇھمۇ ھېلىقى ئاتنى تونۇپتۇ.

ئاخىرىدا سوتچى سوتخانىدا باۋكاسقا شۇنداق دەپتۇ:

— ئات سېنىڭ ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ، ماۋۇ مەجرۇھ ئەللىك كالتەك ئۇرۇلسۇن.

دېلولارنى بىجىرىپ بولغاندىن كېيىن، سوتچى ئۆيىگە قايتىپ مېڭىپتۇ. باۋكاسمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ.

— نېمە بولدى؟ سەن مېنىڭ ھۆكۈمىمگە قايىل بولمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سوتچى ئۇنىڭدىن.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن ئىنتايىن رازى، — دەپتۇ باۋكاس،

— مەن پەقەت شۇنى بىلمەكچى، سىز نېمىگە ئاساسلىنىپ ھېلىقى ئايالنىڭ دېھقاننىڭ خوتۇنى ئەمەس، بەلكى ئالىمنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىگە؛ پۇلنىڭ ياغ سودىگىرىنىڭ ئەمەس، بەلكى قاسساپنىڭ ئىكەنلىكىگە؛ ئاتنىڭ بولسا تىلەمچىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىڭىز؟

— ھېلىقى ئايالغا ھۆكۈم قىلىشتا: ئەتىگەندە مەن ئۇ ئايالنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، ئۇنى ماڭا بىر قۇتا سىياھ قۇيۇپ بېرىشكە بۇيرۇدۇم. ئۇ سىياھ قۇتىسىنى ئېلىپ، ئەپچىللىك بىلەن پاكىز يۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا لىق سىياھ قاچىلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دېھقاننىڭ خوتۇنى بولغان بولسا، بۇنداق ئىشلارنى قىلالمىغان بولاتتى. دېمەك، ئالىمنىڭ راست گەپ قىلغانلىقى ئېنىق. پۇل دەۋاسىغا ھۆكۈم قىلىشتا: مەن بۇ تەڭگىلەرنى قاچىدىكى سۇغا تاشلاپ قويغانىدىم، بۈگۈن ئەتىگەندە بېرىپ، سۇ يۈزىگە ماي تامچىلىرىنىڭ ئۈرلەپ چىققان-چىقمىغانلىقىنى تەكشۈردۈم. بۇ پۇل ئەگەر ياغ سودىگىرىنىڭ بولسا، بۇ تەڭگىلەرنىڭ ئۈستىدە ماي يۇقۇندىلىرى بولاتتى. قارىسام سۇ يۈزىگە ماي تامچىلىرى ئۈرلەپ چىقماپتۇ. دېمەك، قاسساپنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى.



ئاتقا هۆكۈم قىلىش سەل تەسكە توختىدى. مەجرۇھ ئادەممۇ ساڭا ئوخشاش يىگىرمە ئاتنىڭ ئارىسىدىن بۇ ئاتنى تونۇۋالدى. بىراق، مەن سىلەرنى ئات ئېغىلىغا باشلاپ بارغان چېغىمدا، سىلەرنىڭ ئاتنى تونۇيالايدىغان ياكى تونۇيالمايدىغانلىقىڭلارنى ئەمەس، بەلكى ئاتنىڭ كىمنى تونۇيدىغانلىقىنى كۆزەتتىم. سەن ئاتنىڭ قېشىغا بارغان چېغىڭدا ئات سەن تەرەپكە بۇرۇلدى. ئەكسىچە مەجرۇھ ئۇنى سىلىغاندا، ئات قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ بىر پۇتىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن سېنىڭ بۇ ئاتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا باۋكاس:

— مەن سودىگەر ئەمەس، بەلكى پادىشاھ باۋكاس بولىمەن. مەن بۇ يەرگە سەن توغرۇلۇق تارقالغان گەپ-سۆزلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە كەلگەنىدىم. مەن ھەممىنى كۆردۈم، سەن ھەقىقەتەنمۇ دانا سوتچى ئىكەنسەن. مەن سېنى تارتۇقلىماقچىمەن، ماڭا دېگىن، ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپتۇ.

سوتچى:

— ماڭا تارتۇق كېرەك ئەمەس، ئالىيلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىم، مەن ئۈچۈن ئەڭ زور ئىلھام، — دەپتۇ.

# پادىشاھ ۋە كۆڭلەك

پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇ:

— كىمىكى مېنى ئاغرىقتىن خالاس قىلسا، ئۇنىڭغا پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن، — دەپ جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دانىشمەنلەر بىر يەرگە توپلىشىپ، قانداق قىلىپ پادىشاھنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىراق، ھېچكىم بىرەر ئامال تاپالماپتۇ، پەقەت بىر دانىشمەنلا پادىشاھنىڭ كېسىلىنى ساقايتقىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر بىز بىر بەختلىك ئادەمنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋېلىپ پادىشاھقا كىيدۈرسەك، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، بەختلىك ئادەمنى تېپىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئايلىنىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، بەختلىك ئادەمنى تاپالماپتۇ. ھەممە جەھەتتىن كۆڭلى قانائەت تاپقان بىرمۇ ئادەم تېپىلماپتۇ. بىرى تولىمۇ باي، ئەمما ئاغرىقچان ئىكەن. يەنە بىرى ئىنتايىن ساغلام، ئەمما، بەك يوقسۇل ئىكەن. بەزى ئادەملەر ھەم ساغلام، ھەم باياشات تۇرمۇشلۇق بولسىمۇ، ئەمما خوتۇنى ئۇسال ياكى بولمىسا بالىلىرى بولۇمسىز ئىكەن. ئىشقىلىپ ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىغان يەرلىرى بار ئىكەن.



بىر كۈنى كېچىدە، شاھزادە بىر دېھقاننىڭ كەپىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، توساتتىن ئۆيدىكى ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ قاپتۇ:

— ئىشىنىمۇ يېتەرلىك قىلدىم، قورسىقىمۇ تويدى، ئەمدى راھەتلىنىپ بىر ئۇخلىۋالاي، پەرۋەردىگارنىڭ شۇنچىلىك كۈن بەرگىنىگە شۈكۈر!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شاھزادە بەكلا خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ-دە، دەرھال بۇ ئادەمنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى قانچە پۇل دېسە، شۇنچە پۇل بېرىپ سالدۇرۇۋېلىپ، پادىشاھقا تەقدىم قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار بۇ بەختلىك ئادەمنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋالماقچى بولۇپتۇ. بىراق كەمبەغەللىكتىن بۇ ئادەمنىڭ ئۇچىسىدا كۆڭلىكىمۇ يوق ئىكەن.

# ئىككى دوست

ئىككى دوست ئورمانلىقتا كېتىۋاتقانىكەن، توساتتىن بىر ئىت ئېيىق پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا قاراپ ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇلاردىن بىرى قاچقىنىچە بىر دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. يەنە بىرى بولسا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ئۇ باشقا ئامال تاپالماي، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

ئىت ئېيىق ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى ھەدەپ پۇراپتۇ، ئۇ قورقىنىدىن نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئىت ئېيىق ئۇنىڭ يۈزىنى پۇراپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئۆلگەن ئادەم ئوخشايدۇ، — دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئىت ئېيىق كەتكەندىن كېيىن، دەرەخكە چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالغان دوستى پەسكە چۈشۈپتۇ ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىت ئېيىق قۇلىقىڭغا نېمىلەرنى دېدى ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىت ئېيىق ماڭا:« خەتەرلىك پەيتتە دوستى بىلەن كارى بولمىغان دوست ياخشى دوست ئەمەس» دېدى! — دەپتۇ ئۇ بالا.



## سەكرەش

بىر كېمىدىكى كىشىلەر دۇنيانى ئايلىنىپ ساياھەت قىلىش سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، كەينىگە قايتىپ مېڭىپتۇ. بۇ كۈنى شامال توختاپ، دېڭىز يۈزى تىنچ بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى پالۇبىغا چىقىۋېلىشقانىكەن. بىر چوڭ مايمۇن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈپ ئادەملەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرگەنىكەن. بۇ مايمۇن ئۇ ماچىتىدىن بۇ ئارقانغا سەكرەپ ئۆتۈپ ھەر خىل ھەيۋىلىقلارنى قىلىدىكەن، ياكى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئادەملەرگە چەكچىيىدىكەن، ياكى ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپدىكەن. ئۇ، ئادەملەرنىڭ ئۆزى بىلەن ئوينىشىپ كۆڭۈل ئېچىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغاندەك، بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشقىلى تۇرۇپتۇ.



بۇ مايمۇن تۇساتتىن بىرلا سەكرەپ كاپىتانىنىڭ 12 ياشلىق ئوغلىنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ئۇنىڭ بېشىدىكى شلەپىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيىۋاپتۇ. ئاندىن قۇيۇندەك يۈگۈرگىنىچە بىرىنچى ماچىتىنىڭ ئۇستىگە يامىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئادەملەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشىپتۇ. بالا خىجالەت بولغىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ.



مايمۇن ماچتىنىڭ بىرىنچى توغرا ياغىچىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، شىلەپىنى بېشىدىن ئېلىپ چىشلەپ يىرتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ گويا بالىنى مازاق قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئىما-ئىشارەت قىلىدىكەن ۋە چىرايىنى غەلىتە پۈرۈشتۈرىدىكەن. بالا ئۇنى قورقۇتماقچى بولۇپ، ۋارقىراپ ھەيۋە قىپتۇ، ئەمما ئۇ شىلەپىنى تېخىمۇ بەكرەك يىرتقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ماتروسلار تېخىمۇ بەتتەر كۈلۈشكىلى تۇرۇپتۇ. چىرايى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن بالا، چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ مايمۇننى تۇتۇش ئۈچۈن ماچتىغا يامىشىپتۇ. ئۇ ھەش-پەش دېگۈچىلا بىرىنچى توغرا ياغاچقا يامىشىپ چىقىپتۇ. بىراق، مايمۇن ئۇنىڭدىنمۇ چاققان، ھەم چەبدەس بولغاچقا، بالا شىلەپىگە قولىنى ئۇزىتىشىغا مايمۇن تېخىمۇ ئېگىزگە چىقىۋاپتۇ.

«قېنى، قېچىپ كەتكىنىڭنى بىر كۆرەي!» بالا شۇنداق دېگىنىچە داۋاملىق يۇقىرىغا ياماشقىلى تۇرۇپتۇ. مايمۇنمۇ توختىماي ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ چىشى قېرىشىپ قالغان بالىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدا

قىلىشنى خالىماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مايمۇن بىلەن بالا ماچتىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ بولۇپتۇ. مايمۇن بىر قولى بىلەن ئارغامچىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇرۇپ، گەۋدىسىنى سوزۇپتۇ-دە، شىلەپىنى سىڭار ئارقا قولى[1] بىلەن ماچتىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىكى توغرا ياغاچقا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۆزى ماچتىنىڭ ئۇچىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كۈلۈشكە باشلاپتۇ. ماچتا بىلەن ئۇچىغا شىلەپە ئېسىقلىق توغرا ياغاچنىڭ ئارىلىقى ئىككى رۇس چىسى[2] ئەتراپىدا كېلىدىكەن. ئەگەر بالا ئۆزى تۇتۇۋالغان ماچتا بىلەن ئارقاننى قويىۋەتمىسە، شىلەپىنى ئالالمايدىكەن.



چىشى قىرىشقان بالىنىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ ماچتىنى قويۇۋېتىپ، توغرا ياغاچتا بىر قەدەم مېڭىپتۇ. پالۇبىدىكى ئادەملەر مايمۇن بىلەن كاپىتاننىڭ ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قىزىقارلىق ئىشلارنى تاماشا قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. بىراق، ئۇلار بالىنىڭ ئارقاننى قويۇۋېتىپ، ئىككى قولىنى كېرىگەن ھالدا توغرا ياغاچنىڭ ئۇچىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىغىنىنى كۆرگەن چېغىدا قورققىنىدىن قېتىپ قېلىشىپتۇ.

تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماي بوشلۇققا دەسسەپ سالىدىغانلا بولسا، بالىنىڭ پالۇبىغا يىقىلىپ چۈشۈپ بەدەنلىرى چۇل-چۇل بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىكەن. ھالبۇكى، ئۇ بوشلۇققا دەسسەپ سالمىغان ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ توغرا ياغاچنىڭ ئۇچىغا بېرىپ شىلەپىنى ئالغاندىن كېيىن، ماچتىنىڭ تۈۋىگە قايتىپ كېلەلىشى

[1] مايمۇننىڭ تۆت قولى بار (تولستوينىڭ ئىزاھاتى).
[2] بىر رۇس چىسى 0.71 مېتىرغا تەڭ.

بەك مۇشكۇل ئىكەن. ئادەملەر ئەمدى ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا ھاڭۋاققىنىچە قارىشىپ تۇرۇشىپتۇ.

بۇ چاغدا بالىنىڭ دادىسى — كاپىتان كايوتكىدىن چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا دېڭىز قۇشلىرىنى ئوۋلاش ئۈچۈن كۆتۈرۈۋالغان مىلتىق بار ئىكەن. ئۇ ماچتىنىڭ ئۈچىدىكى ئوغلىنى كۆرۈش بىلەن دەرھال مىلتىقنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ قەھرلىك توۋلاپتۇ:

— سۇغا سەكرە، سۇغا سەكرە! بولمىسا ئوق چىقىرىمەن!

بالا نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي قاپتۇ.

— سۇغا سەكرە، سەكرىمىسەڭ ئوق چىقىرىمەن! ... بىر...ئىككى...

دادىسى «ئۈچ» دەپ توۋلىشى بىلەن تەڭ، بالا بېشىنى تۆۋەنگە قىلىپ سەكرەپتۇ.

بالىنىڭ گەۋدىسى خۇددى زەمبىرەك ئوقىدەك ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ، دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. چاچرىغان سۇ بۇژغۇنلىرى كەينىگە يانغىچە بولغان ئارىلىقتا قاۋۇل يىگىرمە ماتروسمۇ دېڭىزغا سەكرەپتۇ. ئالاھازەل قىرىق سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن، بالا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپتۇ. ماتروسلار ئۇنى تۇتىۋېلىپ كېمىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېغىز-بۇرنىدىن سۇ قۇيۇلۇپ نەپەس ئېلىشقا باشلاپتۇ.

كاپىتان بۇ مەنزىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇددى كانىيىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك قاتتىق بىر ۋارقىرىۋېتىپتۇ-دە، كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كايوتكىسىغا يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كېتىپتۇ.

# شىر، بۆرە ۋە تۈلكە

شىر پادىشاھ ئاغرىپ قېلىپ، ئۆڭكۈردىن سىرتقا چىقالماي يېتىپ قاپتۇ، بارلىق ياۋايى ھايۋانلار ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ، پەقەت تۈلكىلا قارىسىنى كۆرسەتمەپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بۆرە، مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، تۈلكىنى شىرغا راسا يامان كۆرسەتمەكچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىرغا:



— تۈلكە ئۆزلىرىنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ، چۈنكى ئۇ سىلىنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى، — دەپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە تۈلكە يېتىپ كېلىپ، بۆرىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ-دە، كۆڭلىدە: «خەپ بۆرە، قاراپ تۇر، كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام» دەپ ئويلاپتۇ.

شىر پادىشاھ تۈلكىنى كۆرۈشى بىلەن ھۆركىرەپ خىرىس قىلىپتۇ، لېكىن تۈلكە:

— سىلى مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماي، ئالدى بىلەن بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلىغايلا، مەن سىلىنى يوقلاپ كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمىدىم. چۈنكى مەن پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدىغان دورا ئىزدىگەنىدىم، مەن بۇنداق دورىنى تېخى ھېلىلا تاپتىم ۋە ھوزۇرلىرىغا كەلدىم، — دەپتۇ.

— قانداق دورىكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شىر پادىشاھ.

— بۇ مۇنداق دورا: بىر بۆرىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى شىلىۋالغاندىن كېيىن، تېرىسىنىڭ ئىسسىقى كەتمەستە ئۇنى ئۇستىلىرىگە يېپىۋالىلا، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شىر بۆرىنى پارە-پارە قىلىۋەتكەندىن كېيىن يەۋېتىپتۇ.

تۈلكە بولسا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇرادەر، سەن خوجايىننى يامان نىيەتتە بولۇشقا كۈشكۈرتمەي، ئاق كۆڭۈل بولۇشقا ئۈندىشىڭ كېرەك ئىدى، — دەپتۇ.



# دېھقان بىلەن سۇ مەخلۇقى

بىر دېھقاننىڭ پالتىسى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغان دېھقان دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان سۇ مەخلۇقىنىڭ بۇ دېھقانغا رەھمى كېلىپ، دەريادىن بىر ئالتۇن پالتا چىقىرىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— بۇ سېنىڭ پالتاڭمۇ؟

دېھقان:

— ياق، بۇ مېنىڭ پالتام ئەمەس، — دەپتۇ.

سۇ مەخلۇقى بۇ قېتىم كۈمۈش پالتا چىقىرىپتۇ. دېھقان يەنىلا:

— بۇ مېنىڭ پالتام ئەمەس، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، سۇ مەخلۇقى دېھقاننىڭ پالتىسىنى چىقىرىپتۇ.

دېھقان دەرھال:

— بۇ دەل مېنىڭ پالتام، — دەپتۇ.

بۇ دېھقان راست گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، سۇ مەخلۇقى ئۈچ پالتىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپتۇ.

بۇ دېھقان ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پالتىلارنى دوستلىرىغا كۆرسىتىپتۇ ھەمدە بۇ پالتىلارغا قانداق ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

يەنە بىر دېھقانمۇ شۇنداق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ، ئۇ دەريا بويىغا بېرىپ، پالتىسىنى قەستەن سۇغا تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، قىرغاقتا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

سۇ مەخلۇقى بىر ئالتۇن پالتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بۇ سېنىڭ پالتاڭمۇ؟

خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغان دېھقان دەرھاللا:

— توغرا، بۇ مېنىڭ پالتام، مېنىڭ پالتام! — دەپتۇ.

ئۇ يالغان گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، سۇ مەخلۇقى ئالتۇن پالتىنى ئۇنىڭغا بەرمەپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ پالتىسىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ بەرمەپتۇ.



# چوڭلاردىن ئەقىللىق سەبىي قىزچاقلار

بۇ يىل پاسخا بايرىمى بالدۇر كەلدى. چانىلار مېڭىشتىن توختىدى، دالا يەنىلا ئاق قارغا پۈركەنگەن بولسىمۇ، ئەمما كەنت ئىچىدىكى قارلار ئەگىز بولۇپ ئېقىشقا باشلىغانىدى. ئىككى دېھقان كەپىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك كوچىدا بىر دۆۋە قىغ دۆۋىلەكلىك بولۇپ، يېنىدا ئەتراپىدىكى ئېرىگەن قارلاردىن ھاسىل بولغان بىر كۆلچەك بار ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى دېھقان كەپىلىرىدىن ئىككى قىزچاق چىقىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرى كىچىكرەك، يەنە بىرى چوڭراق ئىدى. ئۇلار ئۇچىسىغا ئاپىسى تىكىپ بەرگەن يېڭى ساراپان كىيىۋېلىشقان بولۇپ، كىچىكرەكىنىڭ كۆك رەڭلىك، چوڭراقىنىڭ سېرىق گۈللى بار ساراپان ئىدى. ئىككىلىسى بېشىغا ئوخشاشلا قىزىل ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇلار چۈشلۈك ئىبادەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بۇ يەرگە چىرايلىق كىيىملىرىنى بىر-بىرىگە كۆرسەتكىلى كەلگەنىدى. ئۇلار بىرلىكتە ئويناشقا باشلىدى. باشتا سۇ كېچىپ ئويىناماقچى بولۇشتى، كىچىكى پۇتىدىكى خۇرۇم ئايىغى بىلەنلا كۆلچەككە چۈشمەكچى بولدى. بۇنى كۆرۈپ چوڭراقى:

— مارۇشا، چۈشمە! ئاپاڭ تىللايدۇ، مەن ئايىغىمنى سېلىۋېتەي، سەنمۇ سېلىۋەتكىن، — دېدى.

ئىككى قىزچاق ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىپ، كۆڭلەكلىرىنىڭ پەشلىرىنى كۆتۈرگىنىچە كۆلچەككە چۈشتى. مارۇشا سۇ كېچىپ، سۇ ئوشۇقىغا كەلگىدەك يەرگە كەلگەندە:

— ئاكولكا، سۇ چوڭقۇر ئىكەن، مەن بەك قورقۇۋاتىمەن، — دېدى. ئاكولكا:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، بولمىسا مېنىڭ قېشىمغا كېلىۋالغىن، — دېدى.

ئىككىسى ئاستا-ئاستا بىر-بىرىگە يېقىنلاشتى. ئاكولكا يەنە:

— مارۇشا، ئاستىراق ماڭ، كۆڭلىكىمگە سۇ چاچرىتىۋەتمىگىن يەنە، — دېدى.

ئۇنىڭ كېيى ئاياغلاشمايلا، مارۇشا ماڭمەن دەپ سۇغا بىرلا دەسسەپ «پولتۇڭ» قىلىپلا لاي سۇنى ئاكولكىنىڭ كۆڭلىكىگە چاچرىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاكولكىنىڭ كۆڭلىكى مەينەت بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىمۇ مەينەت سۇدا بۇلغانغانىدى. يېڭى كۆڭلىكىنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئاكولكىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى-دە، مارۇشانى تىللاشقا باشلىدى ۋە ئۇنى ئۇرماقچى بولدى. مارۇشا ئۆزىنىڭ چاتاق تېرىپ قويغانلىقىنى تۇيۇپ، قورققىنىدىن كۆلچەكتىن سەكرەپ چىققان پېتى ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. شۇ ئەسنادا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئاكولكىنىڭ ئاپىسى قىزىنىڭ ساراپان ۋە كوپتىلىرىنىڭ مەينەت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ھو، بەڭۋاش، بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟

— مارۇشا قەستەن شۇنداق قىلدى.

ئاكولكىنىڭ ئاپىسى مارۇشانى تارتىپ ئەكېلىپ، گەجگىسىگە بىر شاپىلاق سالدى، مارۇشا ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئاڭغىچە مارۇشانىڭ ئاپىسى كېلىپ تىل سالدى:

— سەن نېمە ئۈچۈن قىزىمنى ئۇرىسەن؟

شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئايال چالۋاقىغىنىچە بىر-بىرى بىلەن تىللىشىپ كەتتى ھەمدە بارغانسېرى ئەزۋەيلەشكىلى تۇردى. ئاڭغىچە غەزىپى تاشقان ئەرلىرىمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشتى، كوچىغا بىردەمدىلا ئادەم تولۇپ كەتتى. ھەممىسىلا ۋارقىرىشىپ، بىر-بىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايتتى. تىللىشىش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بىرى يېنىدىكىسىنى ئىتتەرسە، يەنە بىرى ئۇنى ئىتتىرەتتى. چوڭ جېدەل چىقاي دەپلا قالدى.

بۇ چاغدا ئاكولكىنىڭ مومىسى ئەرلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى:

— ھەي، قوشنىلار بۇ نېمە ئىش ئەمدى! بۈگۈن قانداق كۈن، ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا، گۇناھ بولىدىغان ئىشنى قىلغىنىڭلار نېمىسى!

مومايىنىڭ گېپى ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، تېخى ئىتتىرىشىپ ئۇنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئاياللار بىر-بىرى

بىلەن ھەدەپ تىللىشىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە ئاكولكا كۆڭلىكىنى سۈرتۈپ پاكىزلىغاندىن كېيىن يەنە ھېلىقى كۆلچەكنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ قولىغا بىر تال تاشنى ئېلىپ، كۆلچەكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئېرىقچە كولاشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆلچەكتىكى سۇنى ئاققۇزىۋەتمەكچى بولدى. ئۇ كولاۋاتقاندا مارۇشامۇ كەلدى-دە، قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كولاشقا باشلىدى. ئەرلەر مۇشتلاشقىلى تەمشەلگەن ئاشۇ پەيتتە، كۆلچەكتىكى سۇ ئىككى قىزچاق كولىغان ئېرىقنى بويلاپ كوچىدىكى ئېرىققا ئېقىپ كىردى. كىچىك قىزچاقلار سۇغا ياغاچ پارچىسىنى تاشلىدى. ياغاچ پارچىسى ھېلىقى موماي ئەرلەرگە نەسىھەت قىلىۋاتقان يەرگە ئېقىپ كەلدى. قىزچاقلار بولسا ئېرىقنىڭ ئىككى يېنىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

— تۇتۇۋال مارۇشا، ئۇنى تۇتۇۋالغىن! — ئاكولكا ھەدەپ ۋارقىرايتتى. مارۇشامۇ بىر نېمە دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما تولا كۈلۈپ گەپ قىلالماي قالغانىدى.

ئىككى قىزچاق، سۇدا بىر چۆكۈپ بىر لەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ياغاچ پارچىسىنى قوغلاپ، خۇشاللىقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ئۇلار شۇ يۈگۈرگىنىچە ئەرلەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ، ئاكولكىنىڭ مومىسى ئەرلەرگە:

— سىلەر پەرۋەردىگاردىن قورقمامسىلەر؟ سىلەر بۇ ئىككى قىزچاقنى دەپ سوقۇشۇۋاتىسىلەر، لېكىن ئۇلار ئۆتكەن ئىشلارنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىۋېتىپ، خۇشال-خۇرام يۈرۈپتۇ. ئۇلار سىلەردىن ئەقىللىق ئىكەن! — دېدى.

ئەرلەر ئىككى قىزچاقنى كۆرۈپ بەكلا خىجالەت بولۇشتى-دە، ئۆزلىرىنى مازاق قىلىپ بىر پەس كۈلۈشۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى.

«ئەگەر سىلەر تۆۋە قىلمىساڭلار، كىچىك بالا قىياپىتىگە كىرىۋالغىنىڭلار بىلەنمۇ جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر»[1].

---

[1] بۇ جۈملە «ئىنجىل. يېڭى ئەھدى. ماتتى ئىنجىلى»18-پارە، ئۈچىنچى ئايەتتىن ئېلىنغان.

# توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى بۇغداي دېنى

باللار تاغ قاپتىلىدىن چوڭلۇقى توخۇ تۇخۇمىدەك كېلىدىغان بىر نەرسە تېپىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىقچە بولۇپ، خۇددى بۇغداي دېنىغىلا ئوخشايدىكەن. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچى باللارنىڭ قولىدىكى بۇ نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، بەش مىس كوپېيكا بېرىپ ئۇنى سېتىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇ بۇ نەرسىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، دۇنيادا ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىتىدە پادىشاھقا سېتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ بىرمۇنچە دانىشمەنلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا بۇ نەرسىنىڭ توخۇ تۇخۇمى ياكى بۇغداي دېنى ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. دانىشمەنلەر ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ ئايرىپ چىقالماپتۇ. بۇ نەرسە دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇلغانىكەن. بىر چاغدا بىر مېكىيان دېرىزىگە ئۇچۇپ چىقىپ ئۇنى چوقلاپ بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ، كۆپچىلىك شۇندىلا ئۇنىڭ قارا بۇغداي دېنى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. دانىشمەنلەر بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپتۇ:

— بىر تال قارا بۇغداي دېنى ئىكەن.

پادىشاھ بۇنىڭدىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپتۇ، ئاندىن دانىشمەنلەرنى قايسى چاغدا، قايسى يەردە مۇشۇنداق قارا بۇغداي ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. دانىشمەنلەر راسا كاللا قاتۇرۇپ، كىتابلارنى ئاختۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا پەقەت جاۋاب تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پادىشاھتىن ئىلتىجا سوراپتۇ:

— بىز بۇنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدۇق، بۇ ھەقتە كىتابلاردا ھېچنېمە يېزىلماپتۇ. بۇنى بىلىش ئۇچۇن دېھقانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشانغانلىرىدىن قايسى چاغدا، قايسى يەردە مۇشۇنداق بۇغداي تېرىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى ئاڭلىمىغانلىقىنى سوراپ كۆرەيلى.

پادىشاھ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشكە ياشانغان بىر دېھقان تېپىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ. ياساۋۇللار ياشانغان بىر دېھقاننى تېپىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن،

ئېغىزىدا بىر تالمۇ چىشى قالمىغان بىر بوۋاي ئىككى ھاسىغا تايىنىپ ئوردىغا بەكمۇ تەستە مېڭىپ كىرىپتۇ.

پادىشاھ بۇغداي دېنىنى بوۋايغا كۆرسىتىپتۇ، بۇ بوۋاينىڭ كۆزلىرى كۆرمەس دېگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئادەتتە نەرسىلەرنى خىرە-شىرە ئىلغا قىلغاندىن كېيىن قولى بىلەن سىلاپ ئاندىن ئاڭقىرىدىكەن.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بوۋا، سەن قەيەردە مۇشۇنداق بۇغداي ئۆستۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۆزۈڭ بۇنى تېرىپ باققانمۇ؟ ياكى ئىلگىرى بىر يەردە مۇشۇنداق بۇغداينىڭ سېتىلغانلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟

بوۋاينىڭ قۇلىقى ياخشى ئاڭلىمىغاچقا تازا ياخشى ئاڭقىرالماپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن ئاندىن چۈشىنىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ياق، بىلمەيدىكەنمەن، مەن ئۆز يېرىمدە بۇنداق زىرائەتنى تېرىپ باقمىغان، ئۇنداق ھوسۇلمۇ ئالالمىغان شۇنداقلا سېتىۋېلىپمۇ باقمىغان. بىز سېتىۋالغان ئاشلىقلار ھازىرقى بىلەن ئوخشاش چوڭلۇقتا. بۇنى دادامدىن سوراپ كۆرەيلى، بەلكى ئۇ قەيەردە مۇشۇنداق زىرائەت تېرىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن.

پادىشاھ بۇ بوۋاينىڭ دادىسىنى ئەكېلىشكە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ياساۋۇللار بوۋاينىڭ دادىسىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىپتۇ. ئۇ بىر تال ھاسىغا تايىنىۋالغانىكەن. پادىشاھ بۇغداي دېنىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ، ئۇنىڭ كۆزى خېلى روشەن بولۇپ، نەرسىلەرنى خېلى ئېنىق كۆرەلەيدىكەن.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئاقساقال، سەن قەيەردە مۇشۇنداق بۇغداي ئۆسىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ سەن ئۇنى ئۆز يېرىڭدە تېرىپ باققانمۇ؟ ياكى ئىلگىرى بىر يەردىن سېتىۋېلىپ باققانمۇ؟

بۇ ئاقساقالنىڭ قۇلىقى سەل ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما ئوغلىدەك ئۇنداق پاڭقاي ئەمەسكەن. ئۇ:

— ياق بىلمەيدىكەنمەن، مەن ئۆز يېرىمدە بۇنداق زىرائەتنى تېرىپ باقمىغان، ئۇنداق ھوسۇلمۇ ئېلىپ باقمىغان، شۇنداقلا

سىتىۋېلىپمۇ باقمىغان. ئۇ چاغلاردا پۇل دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ھەممە ئادەم ئۆزى تېرىغان ئاشلىقنى ئىستېمال قىلاتتى، ئاشلىقىمىز ئۆكسۈپ قالسا، ئۆز-ئارا ئۆتنە-يېرىم قىلاتتۇق. مەن قەيەردە مۇنداق بۇغداي ئۆسىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇ چاغلاردا بۇغدايلارنىڭ دانلىرى ھازىرقىدىن چوڭ، ھوسۇلىمۇ ھازىرقىدىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق چوڭ داننى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ دەۋرىدىكى زىرائەتلەر ھازىرقى چاغدىكىدىن ياخشى، ھوسۇلىمۇ كۆپ، دانلىرى تېخىمۇ چوڭ ئىكەندۇق... بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ كۆرۈڭلار،— دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە ياساۋۇللارنى ئەۋەتىپ، بۇ ئاقساقالنىڭ دادىسىنى تاپقۇزۇپ ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئۇ، ئوردىغا ھاسىغا تايانمايلا كىرىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قەدەملىرى يېنىك، كۆزلىرى روشەن، قۇلىقى ساق، چىشلىرى بىجىرىم ئىكەن. پادىشاھ ھېلىقى بۇغداي دېنىنى بۇ بوۋايغا كۆرسىتىپتۇ. بوۋاي بۇغداي دېنىغا تەپسىلىي سەپسېلىپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئالىقىنى بىلەن سىلاپ كۆرگەندىن كېيىن:

— مەن بۇنداق قەدىمىي ئاشلىقنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن زامانلار بولدى،— دەپتۇ.

بوۋاي بۇ بۇغداي دېنىدىن ئازراق چىشلەپ ئۇزۇۋېلىپ، بىر ئىككى چىشلىۋەتكەندىن كېيىن:

— دەل ئاشۇ سورت ئىكەن،— دەپتۇ.

— بوۋا، قېنى، ئېيتقىنچۇ، قەيەردە مۇشۇنداق بۇغداي ئۆستۈرۈلگەن؟ سەن ئۆز يېرىڭدە مۇشۇنداق بۇغداينى تېرىپ باققانمۇ؟ ياكى باشقىلاردىن سېتىۋالغان يېرىڭ بارمۇ؟

بوۋاي جاۋابەن:

— بىز ياشىغان ئاشۇ دەۋرلەردە ھەممىلا يەردە مۇشۇنداق بۇغداي تېرىلاتتى، بىز مۇشۇنداق بۇغداي ئىستېمال قىلاتتۇق ھەم ئۇنى باشقىلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغىمۇ بېرەتتۇق،— دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە سوراپتۇ:

— بوۋا، ماڭا يەنە ئېيتىپ بەرگىنچۇ، سەن يېيىشكە مۇشۇنداق ئاشلىق سېتىۋالامتىڭ؟ ياكى ئۇنى ئۆز يېرىڭدە ئۆزۈڭ تېرىمتىڭ؟

بوۋاي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— بىزنىڭ ئۇ دەۋردە، — دەپتۇ ئۇ، — ئاشلىقنى ئېلىپ-سېتىشتەك بولمىغۇر ئىشنى ھېچكىم قىلمايتتى، پۇل دېگەن نەرسىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئېشىنچا ئاشلىقى تولۇپ تۇراتتى. مەن مۇشۇنداق بۇغداينى تېرىپ باققان، ئۇنى ئۆزۈم ئورۇپ، ئۆز قولۇم بىلەن خامان ئالاتتىم.

پادىشاھ يەنە:

— بوۋا، قېنى دېگىنچۇ، سەن قانداق يەردە مۇشۇنداق ئاشلىق تېرىغانىدىڭ؟ ئۇ يېرىڭ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي:

— يەرلەرنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ بولغاچقا، قەيەرنى تېرىسام شۇ يەر ماڭا مەنسۇپ بولىۋېرەتتى. ئۇ دەۋرلەردە يەرلەرگە چەكلىمە يوق ئىدى، يەرلەر ئۆزىنىڭ-بۇنىڭ دەپ ئايرىلمايتتى. پەقەت يەرگە ئىشلىگەن ئادەمنىڭ ئەمگىكىلا ھېسابقا ئېلىناتتى، — دەپتۇ.

پادىشاھ يەنە ئۇنىڭدىن:

— ئەمدى ماڭا ئىككى ئىشنى ئېيتىپ بەرگىن، بىرىنچى، نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكى يەرلەردە مۇشۇنداق چوڭلۇقتىكى بۇغدايلار ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەمدى ئۆسمەيدىغان بولۇپ قالدى؟ ئىككىنچى، نېمە ئۈچۈن نەۋرەڭ ئىككى ھاسىغا، ئوغلۇڭ بىر ھاسىغا چۈشۈپ قالدۇ؟ ھالبۇكى، سەن بولساڭ ھاسىغا تايانمايمۇ شۇنداق چاققان ماڭىسەن، كۆزلىرىڭ روشەن، چىشلىرىڭ مەزمۇت، گەپلىرىڭمۇ ئېنىق ۋە يېقىملىق؟ مۆھتەرەم بوۋا قېنى ئېيتقىنچۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي پادىشاھقا:

— بۇنىڭ ھەممىسى، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشاشتىن ۋاز كېچىپ، باشقىلارغا تايىنىپ ياشايدىغان بولىۋالغانلىقىدىن بولغان. قەدىمكى دەۋرلەردە ئادەملەر بۇنداق ياشىمايتتى. ئۇ چاغلاردا، ئادەملەر پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىنى ئېلىپ، باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز سېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# شىر بىلەن چاشقان

شىر ئۇخلاۋاتقانىكەن، بىر چاشقان ئۇنىڭ گەۋدىسى ئۈستىدە يۈگۈرۈپ مېڭىپتۇ. شىر ئويغىنىپ كېتىپ، چاشقاننى تۇتۇۋاپتۇ، چاشقان شىردىن ئۆزىنى قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر مېنى قويۇپ بەرسەڭ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ياخشىلىقىڭنى چوقۇم قايتۇرىمەن.

شىر چاشقاننىڭ: «كېيىنكى كۈنلەردە ياخشىلىقىڭنى قايتۇرىمەن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئەمما ئۇ چاشقاننى قويۇپ بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىرنى ئوۋچى تۇتۇۋېلىپ، ئارقان بىلەن دەرەخكە مەھكەم باغلاپ قويۇپتۇ. شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاشقان يۈگۈرۈپ كەپتۇ-دە، ئارقاننى غاجىلاپ ئۈزىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئېسىڭدىمۇ؟ ئاشۇ چاغدا مېنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ، مەندەك بىر چاشقاننىڭ ساڭا جاۋاب قايتۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىۋېدىڭ، مانا ئەمدى كۆرگەنسەن، چاشقانمۇ ساڭا جاۋاب قايتۇرالايدۇ، — دەپتۇ.



# پاشا بىلەن شىر

پاشا شىرنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:
— سەن تېخى ئۆزۈڭنى مەندىن كۈچلۈك دەمسەن؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن! سېنىڭ قانچىلىك كۈچۈڭ بار ئىدى؟ سەن پەنجىلىرىڭ بىلەن قامىلاپ ئېغىزىڭ بىلەن چىشلەيسەن شۇ. بۇ دېگەن سەھرا خوتۇنلىرىنىڭ ئەرلىرى بىلەن سوقۇشۇشتىكى ماھارىتى. لېكىن مەن سېنىڭدىن كۈچلۈك. ئەگەر ئىشەنمىسەڭ بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى!



پاشا سۆزىنى تۈگىتىپلا ھۇجۇمنى باشلاپ، شىرنىڭ مويسىز يۈزى بىلەن بۇرنىنى چېقىشقا باشلاپتۇ. شىر پەنجىسى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپتۇ ھەمدە جان-جەھلى بىلەن قامىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىرنىڭ يۈز-كۆزى قانغا بويۇلۇپ، ئاخىر ھېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ.
پاشا گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. كېيىن پاشا ئۆمۈچۈك تورىغا ئېلىنىپ قاپتۇ. ئۆمۈچۈك شاپپىدە كېلىپ، ئۇنى يېيىشكە تەمشىلىپتۇ.
بۇ چاغدا پاشا:
— مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ھايۋاننى يېڭىۋالغانىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا ئەرزىمەس بىر ئۆمۈچۈكنىڭ قولىدا جان ئۈزىدىغان بولدۇم-دە، — دەپتۇ.

# شىر بىلەن تۈلكە

شىر قېرىپ كەتكەچكە، باشقا ھايۋانلارنى ئوۋلىيالماس بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ، يالغاندىن كېسەل بولغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئۇنى بىرمۇنچە ھايۋانلار يوقلاپ كەپتۇ، لېكىن ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرگەن ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋېلىپ يەۋېتىپتۇ.



بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن تۈلكە، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ سوراپتۇ:



— شىر ئالىيلىرى، قانداق تۇرۇۋاتىدىلا؟

— ھالىم ياخشى ئەمەس، سەن نېمە ئۈچۈن ئۆڭكۈرگە كىرمەيسەن؟ — دەپتۇ شىر.

— «نېمە ئۈچۈن

ئۆڭكۈرگە كىرمەيسەن» دەملا؟ چۈنكى مەن، ئۆڭكۈرگە كىرگەن ئاياغ ئىزلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۆڭكۈردىن چىققان ئاياغ ئىزىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم ئەمەسمۇ، — دەپتۇ تۈلكە.

本书根据中国少年儿童出版社 2006 年 4 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو ئۆسمۈرلەر- باللار نەشرىياتى 2006- يىل 4- ئايدا نەشر قىلىنغان 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : مۇكەررەم مەمەت

# تولستوي

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14- قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2009- يىل 7- ئايدا 1- قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2013- يىل 11- ئايدا 3- قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 2.5 |
| باھاسى | : | 6.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10176-4/I.2060（维 292)

图书在版编目(CIP)数据

托尔斯泰：维吾尔文/（俄罗斯）托尔斯泰（Tolstoy,L.N.）著；艾比布拉·买买提译.—北京：民族出版社，2009.7（2013.11 重印）
（托起明天的太阳.文学大师启蒙读本）
ISBN 978-7-105-10176-4

Ⅰ.托... Ⅱ.①托...②艾... Ⅲ.短篇小说—作品集—俄罗斯—近代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I512.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 119729 号

责任编辑：木开日木·买买提
责任校对：木开日木·买买提
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
版　　次：2009 年 7 月第 1 版　2013 年 11 月第 3 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：2.5
定　　价：6.00 元

ISBN 978-7-105-10176-4/I.2060（维 292）